

تۇردى ئەھمەد

# ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى

ئىپپىتى بۇزۇلغان بۇۋاق

كۆچۈم مەھەللىدىكى نومۇسسىزلىق

شۇملۇق ھوۋلىغان كېچە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



تۇردى ئەھمەد 1969 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1991 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ قاراقاش ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر شۇ مەھكىمىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئامانلىق»، «تارىم»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى» ... قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرغان.



ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەدەپ - ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت چەمبىرىكى بولىدۇ. شۇ مىللەتنىڭ ھەرقانداق ئەزاسى ئەنە شۇ ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىمەن دېيدىكەن، چوقۇمكى ئۇ ئۆز خەلقىگە ھاقارەت، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ:«ئەخلاقسىزلىقنىڭ چېكى بارمۇ؟» دىن.

تۇردى ئەھمەد

# ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

装傻的贼/吐尔地·艾合买提　著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，20054

ISBN 7—228—09383—6

Ⅰ装…Ⅱ．吐…Ⅲ．报告文学—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．125

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 034289 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：阿孜古丽·克里木
封面设计：艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯

装傻的贼（维吾尔语）

吐尔地·艾合买提著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
8501168 毫米　32 开本　6．625 印张　4 插页
2005 年 4 月第一版　2005 年 4 月第 1 次印刷
印数：1—3050

ISBN7—228—09383—6　定价：12．00 元

# مۇھەررىردىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بۇ كىتابنى ئوقۇسىڭىز، نەزىرىڭىزگە بىر دەستە خۇشپۇراق گۈل ئەمەس، بىر قاچا قان - يىرىڭ سۇنۇلغاندەك بىئارام بولۇشىڭىز تۇرغان گەپ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتورمۇ، مۇھەررىرمۇ كۆپ خىجىل. بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان دېلولارنى ئوقۇغىنىمىزدا تېنىمىز شۈركىنىدۇ، كۆڭلىمىز ئېلىشىدۇ. غەزەبتىن ۋۇجۇدىمىز لەرزىگە كېلىدۇ. بىراق، بىز بۇ رېئال مەسىلىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشقا ئامالسىزمىز. بۇ ھايۋانىي قىلمىشلار گەرچە قانۇن تەرىپىدىن بىرتەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قالدۇرغان جاراھىتى تېخى مەۋجۇت، يەنە تېخى بۇنداق رەزىللىكنىڭ يىرگىنىشلىك كۆلەڭگىسى ئەتراپىمىزدا ھېلىھەم ئەگىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزنىڭ ھوشيار بولۇشىمىزنى، چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزنى، ئۆزىمىزگە، ئۆز ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇنداق ئىشلارغا سەل قاراپ ، ئۇنى بىرتەرەپ قىلىش پەقەت قانۇننىڭلا ئىشى دەپ، بىپەرۋالىق قىلىدىغان بولساق، ئارىمىزدىن بۇنداق ھايۋانلارنىڭ يەنە چىقىشى تۇرغان گەپ. ئۇلار بۇ خىل ھايۋانىي قىلمىشى بىلەن ئۆزىگىلا پالاكەت كەلتۈرۈپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مىللەتكە ھاقارەت، جەمئىيەتكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ھەممە ئادەمنىڭ بالا - چاقىسى،

ئاكا- ئۇكىسى، ئاچا - سىڭلىسى، قوۋمۇ - قېرىنداشلىرى بولىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنىڭ بۇ خىل پالاكەتلەرگە ئۇچرىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ؛ ھەتتاكى، ھەرقانداق بىر ئىنسان بالىسىنىڭ بۇنداق ئىنسان قىلمىپىدىن چىققان زىيانكەشلىكتىن ئامان بولۇ- شىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت كەيپىياتىغا دىققەت قىلىشىغا، ئۇنىڭغا نىس- بەتەن تەلەپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسان ئىككى ياقلىمىلىقا ئىگە مەخلۇق. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىي يۈكسەكلىك بىلەن ھايۋانىي پەسكەشلىك، ئىنسانىي نەپسى بىلەن ھايۋانىي نەپسى تەڭ مەۋجۇت. پاكلىق ۋە دىيانەت، ئىززەت - ھۆرمەت، ئىمان - ئېتىقاد، غۇرۇر - ۋىجدان، غايە- ئىستەك، ئىلىم - مەرىپەت، رەھىم- شەپقەت، شەرم - ھايا، ۋاپا - ساداقەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي بايلىقلاردۇر. يېمەك - ئىچمەككە ۋە شەھۋانىي ھاۋايى- ھەۋەسكە ھېرىسمەنلىك، ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاۋايى - ھەۋىسىگىلا بېرىلىپ، باشقىلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتكە پەرۋاسىز قاراش، كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ قائىدە - مىزانلىرىغا ئېتىبارسىز قاراش، ئۆزىنىڭ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۆز خەلقىنىڭ شان - شەرىپى، ئىززەت- ھۆرمىتىگە بىپەرۋار مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھايۋانىي ئىللەتلەر جۈملىسىدىندۇر. ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىنى- سانىي سۈپەتلەرنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىلا، ھايۋانىي سۈپەت- لەرنى داۋاملىق ئازايتىپ، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرغاندىلا ۋە قاتتىق چەكلىمە ئىچىدە تۇتقاندىلا، ئاندىن ئىنسانىي يۈكسەكلىككە قاراپ

يوزلىنەلەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ ھامان ھايۋانىيلىققا قاراپ غۇلاپ چۈشۈش ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئادەملەرنى ئىنسانىي يۈكسەكلىككە يۈزلەندۈرۈپ، ئىنساندىيەت جەمئىيىتىنى ھايۋانىي رەزىللىكنىڭ تەھدىتىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن ئەنگۈشتەر — ئەدەپ - ئەخلاقتۇر. قايسى جەمئىيەت ئەدەپ - ئەخلاققا ئېتىبار بېرىدىكەن ئۇ گۈللىنىپ روناق تاپىدۇ، يۈكسەكلىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ. قايسى جەمئىيەتتە ئەدەپ - ئەخلاققا ئېتىبارسىز قارىلىدىكەن ئۇنداق جەمئىيەت بۇزۇلۇشقا، چۈشكۈنلۈككە ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. ئەخلاق دەپسەندە قىلىنغان جەمئىيەت ئىنسانىيەتنىڭ دوزىخىغا، قىيامىتىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات - پائالىيىتىگە ئەدەپ - ئەخلاقنى كۈچلۈك مىزان قىلىشى، ئۆزىنى ھەرۋاقىت ئاشۇ مىزان ئارقىلىق ئۆلچەپ تۇرۇشى كېرەك. ھەربىر جەمئىيەت ئەدەپ - ئەخلاقنى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىشى شەرت. قانۇن بىلەن ئەدەپ - ئەخلاق كىشىلىك جەمئىيەتتە تۈرلۈك جىنايي ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئالدىنى ئېلىش، چەكلەشتە ئەدەپ - ئەخلاق، زەربە بېرىشتە قانۇن - تۈزۈم مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يۇقىرىلار ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى، ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتور تۇردى ئەھمەدنىڭ بۇ كىتابى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بىر ئىبرەت كۆزنىكىنى ئېچىپ، ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ بىر جەمئىيەت ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى سەممىزگە سالىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە ھەربىر ئادەم ئەگەر ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن ياشايمەن دەيدىكەن ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشى، ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلىشى، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى، بېيىتىشى زۆرۈر. چۈنكى، ئەخلاقسىزلىق كىشىنى تاپتىن چىقىرىدۇ. نادانلىق مۇقەررەر ھالدا ياۋۇزلۇققا باشلايدۇ. روھىي دۇنيانىڭ زەئىپلىكى ۋە پۈچەكلىكى ئادەمنى چۈشكۈنلۈككە، ئەخمەقلىققە ئېلىپ بارىدۇ.

جەمئىيىتىمىز ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئاقىلانە، مەسئۇليەتچان كىشىلەرگە مۇھتاج؛ ئەخلاقسىز، نادان، ئەخمىقانە، بىپەرۋا كىشىلەردىن بىزار.

# مۇندەرىجە


قايناق بازاردىكى قاتىللىق ........ 1

تۇندىكى شۇملۇق ........ 6

ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى ........ 14

بىھۇدە تۆكۈلگەن قان ........ 25

چاڭشا كوچىسىدىكى سەرسانلىق ........ 33

ئاقكۆڭۈل دېھقاننىڭ ئۆلۈمى ........ 41

ئىپپىتى بۇزۇلغان بوۋاق ........ 50

تۇن كېچىدىكى قانلىق پاجىئە ........ 56

قاۋاقخانىدىن قاماقخانىغا سەپەر ........ 66

ئۆچمە كۆڭۈلنىڭ كاساپىتى ........ 71

كۆچۈم مەھەللىدىكى نومۇسسىزلىق ........ 77

ئۆز ئېرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ........ 98

دوختۇرلۇق نىقابى ئاستىدىكى جىنايەت ........ 107

ئىبلىس قولىدا توزىغان غۇنچە ........ 116

ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ........ 121

مېھنەت ئىگىسىگە سوزۇلغان قاراقول ........ 128

بۇلانغان يانفون پاش قىلغان دېلو ........ 134

كېچىدە قۇترىغان مەلئۇنلار ........ 143

ئورۇنسىز جېدەل، قانلىق پاجىئە ........ 154

يوشۇرۇن تۇتقان مۇھەببەت، ئېلىپ كەلدى پالاكەت ........ 160

نىيىتى ياماننىڭ قازىنى تۆشۈك ........ 172

شۇملۇق ھوۋلىغان كېچە ........ 179

چىلبۆرىگە يەم بولغان گۇناھسىز تۇتقۇن ........ 190

سەبىي قىزنىڭ ئازابى ........ 198

# قايناق بازاردىكى قاتىللىق

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەيگە مەيدانى ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن كىشىلەر توپلاشقان جاي ئىدى. بۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك قىزغىن سودا - سېتىق ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن تىجارەتچىلەر، قاسساپلار، ئۈششاق يايمىچىلار بۇ يەردە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت بىر ناھىيىسىدىن كەلگەن مەتسەيدىمۇ ئۆزىنىڭ قاسساپچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇ يەردە گۆشنى توپ ئېلىپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۆز ناھىيىسىدىن بۇ يەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن كەلگەن سۇلايمان بىلەن تونۇشۇپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مەتسەيدىدىن گۆش ئېلىپ ساتىدىغان بولدى. ئۇلار مۇشۇ جەرياندا يېقىن چۆپقەتلەردىن بولۇپ قېلىشتى.

2002 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى سۇلايمان 1740 يۈەنلىك گۆشنى مەتسەيدىدىن نېسى سېتىۋالدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ سۇلايمان مەتسەيدىگە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. ئۇ ئاخىرى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق سۇلايماننىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تازا ئىچى پۇشتى. سۇلايماننىڭ نائىنساپلىقىغا ئىچىدە لەنەت ئوقىدى.

مەتسەيدى خېلى كۈنلەرگىچە سۇلايماننىڭ يەنە قايتىپ

كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچە قىلىپ يۈردى . ئەمما سۇلايمان قايتىپ كەلمىدى. 2003 - يىلى 3- ئايلاردا مەتسەيدى يۇرتىدىكى ئىنىسى مەمەتجانغا تېلېفون قىلىپ، سۇلايماننىڭ گۆشىنى نېسى ئېلىپ پۇلنى بەرمەي يۇرتىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ پۇلنى ئېلىشنى جېكىلىدى.

مەمەتجان بىر نەچچە ۋاقىت سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ سۇلايماننىڭ ئادرېسىنى تېپىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كەلدى. ئۇلار نېسى پۇل توغرىسىدا سۆزلىشىۋېتىپ ئۆز ئارا جېدەللىشىپ قالدى. بۇ جېدەلنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ بىر قوشنىسى ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ قويدى. بۇ قېتىم سۇلايمان مەمەتجانغا پۇل ئەمەس، قورۇق گەپ بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى. ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا مەمەتجان سۇلايماننىڭ ئۆيىگە نەچچە نۆۋەت كېلىپ، ئاران دېگەندە 500 يۈەن ئالالىدى، يەنە بىر قانچە كۈندىن كېيىن 200 يۈەن ئالدى. سۇلايماننىڭ زىممىسىدە 1040 يۈەن قالغانىدى. مەمەتجان سۇلايماندىن پۇل سۈيلەشنى توختاتمىدى، ئۇ سۇلايمان نەدە ئۇچرىسا شۇ يەردە پۇلنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلاتتى. مەمەتجاننىڭ بۇ ئىشىدىن خاپا بولۇپ قالغان سۇلايمان «ئۇچرىغانلا يەردە پۇل تۆلىدىكەنسىلەر، هازىرچە بېرەلمەيمەن، مەندە پۇل يوق» دەپ قاپاق تۈرىدىغان بولۇپ قالدى. 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولۇپ يولدا هەرخىل قاتناش ۋاستىلىرىغا ئولتۇرۇپ بازارغا ماڭغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

يېزا يولىدا بازارغا قوي ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ قويلىرىنى

نەرق ئېتىپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن قاراپ تورغان مەمەتجان بىر هارۋىنىڭ كەينىگە بىر ئېشەكنى باغلاپ بازارغا ماڭغان سۇلايماننى كۆرۈپ قالدى. «سەن ئېشەك ساتقىلى مېڭىپسەندە، كەينىڭدىن كىرىپ ئېشەك ساتقان پۇلۇڭدىن ئالمىسام» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مەمەتجان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بازارغا كىرىش قارارىغا كەلدى.

مەمەتجان شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان ناھىيە بازىرىغا كەلگەندە، كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. هاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان بولۇپ مىغ - مىغ ئادەملەر ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشىپ تۇرغان بازار كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. مەمەتجان چېكىلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتكىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مال بازىرىغا كېلىپ توختىدى. بۇ مال بازىرى باشقىچە بىر دۇنيا بولۇپ نەچچە يۈزلىگەن ئات - ئېشەك، قوي، كالىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. تۆۋرۈكلەرگە مەهكەم تېڭىۋېتىلگەن كەپسىز بۇقىلارنىڭ ئەنسىز پۇشۇلداپ هەيۋە بىلەن هۆركىرەپ بىر - بىرىگە چاپچىشلىرى بىلەن، هاڭگىلارنىڭ هەر خىل ئاۋازدا هاڭرىغان سادالىرى قوشۇلۇپ غەلىتە بىر خىل شاۋقۇنلۇق مەنزىرىنى هاسىل قىلغانىدى. مەمەتجان تارچۇق، قىستاڭ كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ. بىر چاغدا سۇلايماننى تاپتى.

— ئېشەكنى ساتقانسىلە؟ — دېدى مەمەتجان سۇلايمانغا قاراپ، — مۇھىم سودىلىقىم بار ئىدى، پۇلنى بېرىۋېتىڭلار.

— سىرتقىراق چىقىپ گەپلىشەيلى، بۇ يەردە ئادەم جىقكەن، هەمىشە بازاردا پۇل تۇتىدىكەنسىلەر، — دېدى . سۇلايمان مەمەتجانغا قاراپ. ئۇلار شۇنداق دېيىشكەچ مال بازىرى

يېنىدىكى تۆمۈر ـ تەسەك بازىرى يېنىغا كەلدى.

ــ بۇگۈن پۇلنى بېرىۋېتىڭلا، ــ دېدى مەمەتجان يەنە تەكرارلاپ، ئۇ سۇلايماننىڭ قولنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

ــ بۇگۈن بېرەلمەيمەن، ــ دېدى سۇلايمان قولنى زەردە بىلەن سىلكىگىنىچە، ــ يېنىمدا ئىككى يۈز يۈەن پۇل بار، ئىنىمغا ئۆي سالغان ئىدۇق، بۇ پۇلغا تۆمۈر دېرىزە ئالمىساق بولمايدۇ.

ــ مەن يۇمشاق گەپ قىلسام نېمانداق قولۇڭنى سىلكىپ نوچىلىق قىلىسەن؟ ـ ، مەمەتجان شۇنداق دېگىنىچە سۇلايماننىڭ مەيدىسىدىن ئىتتەردى. بۇ ئىشتىن نومۇس ھېس قىلغان سۇلايمان مەمەتجاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتقىنىچە ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرنى تېزلاپ قويۇۋەتتى. غەزەپتىن كۆزلىرىگە قان قۇيۇلغان مەمەتجان شۇئان يانپىشىغا ئېسىقلىق خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى . ئۇ پىچاقنى چۆرىگەن پېتى، سۇلايماننىڭ سول كۆكرەك قىسمىغا زەرب بىلەن بىر پىچاق سالدى. سۇلايمان گۈپ قىلىپلا تۆمۈر ـ تەسەك بازىرىغا تىزىپ قويۇلغان تۆمۈر تاختاي ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن قىپقىزىل قانلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىقىشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ قانلىق ۋەقەدىن ھاڭ ـ تاڭ قالغان كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە مەمەتجان قولىدىكى قانلىق پىچاقنى غىلاپقا سېلىپلا ئات بازىرىنىڭ يېنىدىكى تۆمۈر رىشاتكىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولدى .

قان ئىچىدە تېپىرلاپ ياتقان سۇلايماننى ئىنىسى باشقىلارنىڭ ياردىمىدە ھارۋىغا ياتقۇزۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئەپسۇس، كۆپ قان يوقاتقان سۇلايمان دوختۇرخانىغا كېلىشكە ئۈلگۈرمەي يول ئۈستىدە جان ئۈزدى.

قانۇن دوختۇرى سۇلايماننىڭ جەسىتىنى ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق «ئۆلگۈچى سىرتقى بىسلىق قورال بىلەن زەخمىلەندۈرۈلۈپ سول كۆكرەكتىكى زەخمە كۆكرەك بوشلۇقىغا ئۆتۈپ يۈرەك سول قېرىنچىسىنى يىرتىۋەتكەنلىكتىن جىددىي قانسىراش خاراكتېرلىك شوك بولۇپ ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقاردى.

ج خ خادىملىرى جىددىي تەھقىقلەش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار تەھقىقلەش خىزمىتى داۋامىدا مەمەتجاننىڭ تۇغقانلىرىدىن تەھقىقلەش خىزمىتىگە ماسلىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەمەتجاننىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇنىڭغا چىقىش يولى قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى .

ئارىدىن بىر كېچە ئۆتتى. مەمەتجاننىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ ، ئاخىرى ئۇنى يىراق يېزىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن تاپتى. مەمەتجان تۇغقانلىرىنىڭ نەسىھەتى بويىچە ئۇلار بىلەن ج خ ئىدارىسىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

جىنايەت گۇماندارى مەمەتجان 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇلۇپ قويۇلدى. 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جىنايەت گۇماندارى مەمەتجان قەستەن قاتىللىق قىلىش جىنايىتى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

# تۈندىكى شۇملۇق

تۈن يېرىملاشقان ۋاقىت ئىدى. ھەممە ياق شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان سەھرا ئېتىكى تۈن قوينىدا سۈنايلىنىپ ياتاتتى. پەقەت ھۇرۇنلۇق بىلەن ئۈچۈۋاتقان كەچ كۈز شامالليرىنىڭ دەرەخ شاخلىرىنى سۇس ئىرغاڭلىتىشى بىلەن تىرىسلاپ تۆكۈلۈۋاتقان ئالتۇن ياپراقلار بۇ بىپايان دالىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. سەھرا ئېتىكىگە باغرىنى يېقىپ يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان توپىلىق يولدا بىر قارا كۆلەڭگە قەدەملىرىنى ئەستە يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۇ قارا كۆلەڭگە مەلۇم ناھىيىنىڭ گۈلباغ يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق يىگىرمە يەتتە ياشلىق تاشپولات ئىدى. ئۇنىڭ يولىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە دەلدەڭشىپ، ئاللىقانداق ئاھاڭلارغا غىڭشىپ مېڭىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ غەرق مەست ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ ئۇ بايا ئۈلپەتلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ «خوشە» دەپ قانغۇچە پەيزى قىلغان سورۇندىن قايتىپ چىققانىدى. قارىغاندا ئۇ ئۆيىگە ماڭغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن بۇ كەڭرى تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چوڭقۇر يارلىقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئۇ يارلىققا چۈشۈپ قولاشمايۋاتقان قەدەملىرىنى ئەستە يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن خىيالىغا جىن كىردى. ئۇ

چىچپىدە توختاپ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ يارلىقنىڭ يەنە بىر چېتىگە جايلاشقان، غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

بۇ ئۆيدە چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، نەچچە يىل ئىلگىرىلا ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ۋە ئەمدىلا رەسىدە بولۇۋاتقان ئوماق قىزى ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىپ، يۈرىكى ئازاب ئىچىدە تۇرغان بىر بىچارە تۇل خوتۇن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھېچقانداق ھىمايىچىسى يوق ئىدى. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىرتال توخۇغا چاغلىق بىرەر جانلىقمۇ يوق ئىدى.

تاشپولات ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردىن ئېشىپ ئالدىغا ئۈچرىغان دەل - دەرەخلەرنى خۇددى بىر - بىرلەپ ساناۋاتقاندەك توختۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ھويلىنىڭ ئىشىكى ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. تاشپولات بىر ئاماللارنى قىلىپ ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتى - دە ، ئايال ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتەردى. بۇ ئىشىكمۇ ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. تاشپولات ئىشىكنى مۈشتىلىدى.

— بۇ كېچىدە كەلگەن كىم؟ — ئۆي ئىچىدىن ئايالنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، سىزگە دەيدىغان گەپ بار، — دېدى تاشپولات.

— مەن بۇ كېچىدە بىركىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايمەن، گېپىڭىز بولسا ئەتە دەڭ.

تاشپولات ھەرقانچە قىلسىمۇ ئايال ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئالدىدا تۇرغان ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئىلدۇرۇپ قويۇپ، ھويلىدىكى شوتا ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقتى.

ئۆگزىدە كىچىككىنە بىر تۈڭلۈك بار ئىدى، ئۇ تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە كىرىشكە قانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ پاتمىدى. ئەسەبىيلەشكەن نەپسى ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە ئۈندەۋاتاتتى. ئۇ ھاۋانىڭ خېلىلا سوغۇق بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، كالتە ئىشتاندىن باشقا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ ئۆگزىگە تاشلاپ قويۇپ، ئىككى پۇتىنى تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە ساڭگىلىتىپ ئۆزىنى قويىۋەتتى. «گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك چۈشتى. ئەمما تۈڭلۈكنىڭ ئەتراپىدىن تىكەندەك چىقىپ قالغان بورا قومۇشلىرىنىڭ ئىنچىكە ئۇچلىرى ئۇنى خېلى قىينىدى. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ سوغۇقتىن تىترەۋاتقان يالىڭاچ بەدەنلىرىنى تىلىپ قان چىقىرىۋەتكەنىدى.

تاشپولات بەدىنىنىڭ قاتتىق ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي، بۇ ئۆيگە «غەلىبە»لىك چۈشكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ يەنە جەھلى تۇتتى. چۈنكى، بۇ ئۆيدىكى ئايال ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالغانىدى. تاشپولات ئىشىكنى كۈچەپ ئىتتەردى، لېكىن ئىشىك ئېچىلمىدى. بۇ ئىشىكمۇ ئىچىدىن تاقىۋېتىلگەنىدى. ئىشىك يوچۇقىدىن ئىچكىركى ئۆيدىكى چىراغ نۇرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئىشىكنى ئاچ! — دەپ تووۋلىدى

تاشپولات. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئەمدى مۇلايىملىقتىن قىلچە ئەسەر قالمىغانىدى.

— چىراغنى نېمىشقا ئۆچۈرەتتىم، بۇ كېچىدە سىز نېمە قىلماقچى؟ كېتىڭ، — دەپ ۋالۋۇردى ئايال يىغلامسىراپ.

— چىراغنى ئۆچۈرمىسەڭ، مېنىڭ كىملىكىمنى تونۇپ قالىسەن.

— چىراغنى ئۆچۈرسەم، ئۆچۈرمىسەم سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ بولدۇم.

تاشپولات ئايالنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ «مەن شۇنچە جاپا تارتىپ ئۆيگە كىردىم، بولغۇلۇق بولدى، تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول، دەپتىكەن، نېمىگە ئىككىلىنەتتىم، ئاخىرقى مەقسىتىمگە يېتىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئايالغا تېخىمۇ قاتتىق بۇيرۇق قىلدى:

— ئىشىكنى ئاچ، بولمىسا ھېلى بىكار . . .

— سىزنىڭ مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ كېتىڭ، ئىشىكنى ئاچمايمەن.

— نېمە ئىشىم بولاتتى، سەن بىلەن بىر ئويناپ كۆڭۈل ئاچاي دەيمەن شۇ .

— خۇدايا تووۋا دەڭ، مەن دېگەن ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالغان تۇل خوتۇن، سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ ئورنىدىكى ئادەممەن، بۇنداق دېيىشتىن خىجىل بولمامسىز؟

— نېمىگە خىجىل بولاتتىم، دەرھال ئىشىكنى ئاچ دەيمەن!

— مەن دېگەن بىر بىچارە ئاجىزە، يېشىممۇ بىر يەرگە

بىرىپ قالغان، مەن تۆت ـ بەش كۈنلۈكى قالغان ئادەم، سىز مېنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا پاك كەتكىلى قويۇڭ . . . .

تاشپولات ھەرقانچە بۇيرۇق قىلسىمۇ، تەھدىت سالسىمۇ ئايال ئىشكنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى.

ئەسەبىيلەشكەن تاشپولاتنىڭ ئېچىرقىغان ھايۋانىي نەپسى ئىشكنى تېزراق ئېچىشقا ئالدىرىتىپ ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. ئۇ تاقىتى ـ تاق بولۇپ ئىشكنى كۆچەپ جالاقلاتتى، تەپتى، بىراق ئىشك ئېچىلمىدى. ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۇيەر ـ بۇيەرلەرنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئىشكنى ئاچقىلى بولىدىغان بىرەر نەرسە تېپىشقا تىرىشتى. ئاخىرى ئۇنىڭغا تاشقىرقى ئۆينىڭ ئىشكىگە تىرەپ قويۇلغان ئۇزۇن كالتەك ئۇچرىدى. ئۇ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ كالتەكنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئىچكىركى ئۆينىڭ ئىشكنى كۆچەپ ئىتتىرىپ، ئارىلىقتىن ھاسىل بولغان كىچىككىنە بوشلۇققا كالتەكنىڭ ئۇچىنى تىقىپ زەرب بىلەن قايرىدى. «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشكنىڭ بىرتال ياغىچى سۇنۇپ ئىشك ئېچىلىپ كەتتى. تاشپولات ئىشكتىن يۈگۈرۈلۈپ كىرىپ خۇددى چۆچىگە تاشلانغان سادەك ئايالغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئايال بۇ مەخلۇقتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بار ئامال بىلەن تىرىشىپ، تاشقىرىقى ئۆيگە قېچىپ چىقىپ ئىشكنى كۆچەپ تارتتى. تاشپولات بايىلا ئىشكنىڭ سىرتىدىكى زەنجىرنى ئىلىپ قويغان ئەمەسمىدى؟

ئىشك ئېچىلمىدى. ئاخىرى ئەسەبىيلەشكەن تاشپولات

ئىشىكنى بىر نەرسىدە قايرىپ قومۇرۇپ تاشلىدى. ئايالنىڭ بېشى پىرقىرىغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغانلىكى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تاشپولاتقا يالۋۇردى. بۇ يالۋۇرۇشلار تاشپولاتقا قىلچە كار قىلمىدى. ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كۆچەپ سۆرىدى. ئايال بولسا سۆرىلىۋېلىپ تىركىشەتتى. ياۋۇزلاشقان تاشپولات توساتتىن ئايالنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى قاتتىق قايرىۋەتتى. ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئايال «ۋايجان» دەپ توۋلىۋەتتى.

ئايال قولىنى مىدىرلىتالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانچە يالۋۇرۇشنىڭمۇ بۇ مەلئۇنغا قىلچە كار قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزى ئويلىغان ئاخىرقى كىچىككىنە بىر ئامالنى ئىشقا سېلىپ باقماقچى بولدى:

— سىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسىز؟ مەندەك بىر قېرى ئايالنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويسىڭىز بولمامدۇ؟ يەنە چىقىپ كەتمەيدىغان بولسىڭىز ۋارقىرايمەن، — دېدى ئايال غەزەپكە كېلىپ.

— ۋارقىرا، بار ئاۋازىڭ بىلەن ۋارقىرا، سېنىڭ ۋارقىرىغىنىڭنى بۇ كېچىدە كىممۇ ئاڭلايتتى، قېنى ۋارقىرىمامسەن؟ — دېدى تاشپولات ئايالنى دۈشكەلەپ.

راست، ئۇ ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ھەرقانچە توۋلىسىمۇ بۇ تىمتاس كېچىدە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى.

تاشپولات ئايالنى ئىچكىرىكى ئۆيگە سۆرەپ ئېلىپ كىردى. ئۆي ئىچىدە يەنە تىركىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدىكى نەرسە - كېرەكلەر قالايمىقان چېچىلىپ كەتتى. تامغا تۇتۇلغان

زەدىۋالمۇ چۇشۇپ كەتتى . ئايالنىڭ خورلانغان يۈرىكىدىن ئاققان مۇنچاق ـ مۇنچاق ياشلار كۆزلىرىدىن دومىلاپ چىقىپ، چېكىسىنى بويلاپ شالاكلاشقان چاچلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئېرى، كۆيۈمچان قىزىنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە! ئەگەر ئۇلار بولغان بولسا ئۇنىڭ بۇنداق چىدىغۇسىز خورلۇققا ئۇچرىماسلىقى، ئازاب چەكمەسلىكى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

ئايال بىرھازادىن كېيىن خىيال دېڭىزىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئېسىگە كەلگەندە ئۇز يېنىدا بەخىرامان يېتىپ ئۇخلاۋاتقان تاشپولاتنى كۆرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى . . .

پۈتۈن جاھانغا نۇر تاراتقۇچى سېھىرلىك قۇياش تاغ كەينىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا، تاشپولاتمۇ خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. كېچىدە قىلغان نومۇسسىزلىقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خىرە ئۆتكەندەك بولدى. ئۇ قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تاشقىرقى ئۆيگە چىقىپ ئىشىكنى تارتىۋىدى، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇنىڭ ئۆيگە كىرەر ۋاقتىدا ئىشىكنى سىرتىدىن ئېتىپ قويغانلىقى خىيالىدىمۇ يوق ئىدى. كېچىدە چۈشكەن تۈگۈلۈكتىن ئەمدى ئۆزىنىڭ چىقىپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدىن كۈچەپ بىر تارتىۋىدى، ئىشىكنىڭ ياغىچى سۇنۇپ ئاجراپ كەتتى. ئۇ كېچىدىن بېرى كىرپىك قاقماي بۇقۇلداپ يىغلاپ چىققان ئايالنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ: «ئەگەر بۇ ئىشنى بىركىمگە تىنغۇچى بولىدىكەنسەن، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېدى ـ دە، ئۆيدىن

ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى، ئائىلىلىق ئىپپىتى نومۇسسىزلارچە ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغان بۇ بىچارە تۇل خوتۇننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئۇ قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلاي دېسە، تاشپولاتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتەر ۋاقتىدىكى تەھدىتىدىن قورقۇپ، دەرد ـ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇھ تارتىپ يۈردى. ئۇنىڭ بۇنداق پەرىشان ھالىتىنى كۆرگەن مەھەللىداشلىرى ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى كوچىلاپ سوراشتۇردى. ئۇ بۇ ئىشنى دېمەسلىككە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى خورلۇقلارنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. ئۇ ئاخىرى ھەممىنى دەۋەتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغانلار دەرھال ج خ ئىدارىسىغا دېلو مەلۇم قىلدى.

ج خ ئىدارىسى دېلو تۇرغۇزۇپ تېزلىكتە تەھقىقلەپ ئاخىرلاشتۇردى. جىنايەت گۇماندارى تاشپولات 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

بىرىنچى سوتتا جاۋابكار تاشپولاتنىڭ باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك تۆت يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى .

# ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئاجايىپ غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. قىسقا ساقال - بۇرۇت قويىۋالغان ئاق پىشماق، چىرايلىقنە كەلگەن يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئۆمەرنىڭ تۇرقىغا قارىغان ھەر قانداق ئادەم ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. كۆلكىلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تۇرلۇك چارە - ئاماللار ئارقىلىق قانۇن تورىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئۆمەرنىڭ ئوغرىلىق ھەرىكىتى پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى ئوغرىلاشتىن قوي، ئېشەك، ھارۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوغرىلاشقا تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇ سېزىلىپ قالسىلا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مال - مۈلۈك ئىگىلىرىگە چىرايلىق يالۋۇرۇپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلماسلىقنى ئۆتۈنۈپ، ئۇلارنىڭ زىيان - زەخمەتلىرىنى تولۇق تۆلەپ قايتۇراتتى. ئاخىر بىچارە ئاتا - ئانا بۇ ئارزۇلۇق ئوغلىنى تىللاپ باقتى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە دۇمبالاپ باقتى، ئەمما توختۇ تۇتىدىغان ئىتنىڭ تىلىنى كېسىۋەتسىمۇ تۇزەلمىگىنىگە ئوخشاش بۇ ئىشلارمۇ ئۆمەرنى ئوغرىلىق يولىدىن توسۇپ

قىلىشقا قىلچە دال بولالمىدى. بارا - بارا ئۆمەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ نەچچە كۈنلەپ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى بىر ساقچىخانىدىن جەرىمانە تۆلەپ ئېلىپ چىقسا، ئۇ يەنە باشقا بىر ساقچىخانىغا كىرىپ قالاتتى.

1999 - يىلى 7 - ئاي. بىپايان سەھرا ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن جىمجىت بىر كېچىسى ئۆمەر خۇددى ئەرۋاھتەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر ئائىلىنىڭ مال ئېغىلىغا غىپپىدە چۆكتى - دە، سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر مۇنچە قويلار ئارىسىدىن ئالتە بۇياق قوينى باغلاپ شەپە چىقارماستىن غايىب بولدى، ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەلىيى كاج كېلىپ قالدى . ئۇ ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كېلىپ قويلارنى كىرا قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ مال بازىرىغا ئېلىپ مېڭىۋاتقاندا، مال ئىگىلىرىنىڭ دېلو مەلۇم قىلىشى بىلەن ئىز قوغلاپ كەلگەن ج خ ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشتى. بۇ قېتىم ئۇ ئوغرىلىغان قويلارنىڭ باھاسى 1200 يۈەنگە مۇقىملىشىپ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللاندى.

ئۆمەر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىمۇ جىم تۇرمىدى. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا كامېرنىڭ بۇلۇڭىدىكى تەرەت چېلىكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، قولىنى تەرەت چېلىكىگە تىقىپ نىجاسەتلەرنى شالاپشىتىپ يۈزلىرىگە چاچتى، ئاغزى - بۇرنىغا سۈركىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتقانلار ئۇنىڭ بۇ غەلىتە، مەينەت قىلىقلىرىدىن سەسكىنىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان نۆۋەتچى ساقچى دەرھال يېتىپ

كېلىپ ياتاق ئىچىگە كىرىپ سورىدى:

ــ نېمە ئىش بولدى ؟!

ــ ئۇ نىجاسەت يەۋالدى، ــ دېدى ياتاقتىكىلەر ئۆمەرنى كۆرسىتىپ. نۆۋەتچى ساقچى دەرھال قايتىپ چىقىپ بۇ ئەھۋالنى ئىدارە رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلدى. ئىدارە رەھبەرلىكى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق دېلونى تەپتىش مەھكىمىسىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆمەرنىڭ نېرۋا ھالىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى قارار قىلدى. ئۆمەر ۋىلايەتلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەتلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئۆمەرنى قىسقا مەزگىل كۆزىتىش ئارقىلىق «مەزكۇرنىڭ نېرۋىسىدا ئازراق مەسىلە بار، لېكىن ئۆزىنى كونترول قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارى بار» دەپ باھالاش يەكۈنى چىقىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ج خ ئىدارىسى دېلونى تەپتىش مەھكىمىسىگە قايتا مەلۇم قىلدى. بىراق تەپتىش مەھكىمىسى بۇ قېتىممۇ «نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى نېرۋىسىدا ئازراق مەسىلە بار، دەپ يەكۈن چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىنايەت گۇماندارى ئوغرىلىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ سوممىسى كۆپ ئەمەس، شۇڭا جىنايەت گۇماندارىنى قولغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ قاراپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلىمىدى. ئۆمەر قويۇپ بېرىلدى.

ئۆمەر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ يوغان كەلكىلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇرۇن كېچىدە ھەرىكەت قىلغان بولسا ئەمدىلىكتە تەپ تارتماستىن كۈندۈزدىمۇ خاتىرجەم

ئوغرىلىق قىلىۋەردى . . .

2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ھەممە ياق بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن مىنۇتلاردا، ئۆمەر بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ ناھىيە بازىرىدىكى «مەدىكارلار بازىرى» دەپ ئاتالغان بازارغا كېلىپ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئوچ ئىشلەمچىنى «يىزا بازىرىدىن ئېلىپ كېلىدىغان مال بار ئىدى، ئېلىپ چىقىشىپ بېرىڭلار» دەپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئون بەش يۈەندىن پۇل بېرىدىغانغا كېلىشتى. ئۆمەر ئۇلارنى ھارۋا، ئېشەك ساقلايدىغان بىر دەڭگە باشلاپ كېلىپ: «ئېلىپ چىققان ماللارنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىمىز» دېدى. ئۇلار بىر كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بىرەر سائەتتەك يول يۈرگەندىن كېيىن ناھىيە مەركىزىدىن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر بازارغا يېتىپ كەلدى - دە، بازارنىڭ بىر چېتىدىكى دەڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ :

— ئەمىسە ئاۋۇ ئىككى ئېشەك بىلەن ھارۋىنى ھازىر سېتىۋېلىپ باغلاپ قويۇپ كەلدىم، سىلەر بىردىن يېشىپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى دەڭ ئىچىگە باغلاپ قويۇلغان ئىككى ئېشەك بىلەن ھارۋىنى كۆرسىتىپ. ئۆمەرنىڭ يېنىدىكىلەردىن ئىككىيلەن دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئېشەكلەرنى ئېلىپ كەلدى.

— سىلەر بۇلارنى ھەيدەپ بازار سىرتىدىكى دوقمۇشتا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىز ئىككىمىز ئاۋۇ يەردىكى بىر ئېشەك بىلەن ھارۋىنى ئېلىپ يېنىڭلارغا بارىمىز.- دېدى ئۇ ئېشەكلەرنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككىيلەنگە.

ئۆمەر يېنىدىكى يەنە بىرەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ بازارنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى بىر دەخنىڭ يېنىدا توختاپ:

— سەن ئاۋۇ ئېشەك بىلەن هارۋىنى ئېلىپ چىق، — دېدى دەڭ ئىچىدە باغلاپ قويۇلغان بىر ئېشەكنى كۆرسىتىپ. ئۇلار ئېشەك بىلەن هارۋىنى ئېلىپ ئالدىنقىلار بېرىپ تۇرماقچى بولغان يەرگە كەلگەندە ئالدىدا كەتكەنلەرنىڭ بىرى يوق تۇراتتى. ئەسلىدە ئۇ بۇ ئىشلاردىن سەل گۇمانلىنىپ، چاتاق چىقىپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ چاندۇرماستىن كېتىپ قالغانىدى.

— ئۇنداق بولسا سىلەر ئىككىڭلار بۇ ئېشەك هارۋىلارنى ناهىيە بازىرىدىكى مەن كۆرسىتىپ قويغان جايغا ئېلىپ چىقىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ يەنە ئازراق سودىلىقىم بار، تۈگىتىپ بولۇپ ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن، — دېدى ئۆمەر تەلىيىگە يارىشا بۇلارنىڭ هەرىكىتىگە هېچقىممۇ نەزەر سېلىپ قويمىدى.

ئۆمەر ئۇلارنى خاتىرجەم يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يەنە شۇ كۈنى قىزىيىدىغان باشقا يېزا بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن خۇددى ئېشەك خۇمارى تۇتۇپ قالغاندەك، ئۇ يەر بۇ يەرلەرگە باغلاپ قويۇلغان ئېشەك، هارۋىلارغا كۆز تاشلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرى بىر دەخنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە ، دەڭ ئىچىگە باغلاپ قويۇلغان بىر ئېشەكنى يېشىپ كېلىپ خەۋەر ئالغۇچىغا بەش موچەن تۇتقۇزۇپ قويۇپلا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆمەر بۇ يەردىن ئېلىپ چىققان ئېشەكنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن شۇ بازاردىكى ئېشەك بازىرىغا ئېلىپ كىردى

ۋە بىر بېدىككە ئېشەكنى خېلىلا ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى. بېدىك ئېشەكنى بازاردىكى تۇۋرۇككە باغلاپ قويدى.ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئېشەكنىڭ يېنىغا بىر «خېرىدار» كەلدى . ئۇ ئېشەكنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئوبدان كۆزەتكەندىن كېيىن:

ــ بۇ ئېشەك كىمنىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مانا مېنىڭ، ــ دېدى بېدىك، ــ ئالامسىز؟ ئېلىڭە، كېلىشىپ قالىمىز. قالتىس ئېشەكتە بۇ كاساپەت. قاراڭ، قۇلىقىنى پەقەت تۇتقۇزمايدۇ تېخى ، كوچا يورغىسى دەڭە . . .

ــ باياتىن بېرى ئۆڭسۈلى ئۆچكەن «خېرىدار» بېدىكنىڭ گەپلىرىگە غىدىقى كېلىپ كۆلۈۋەتكىلى تاس قالدى. خېرىدار ئاستا كېلىپ ئېشەكنىڭ بىر قۇلىقىنى تۇتتى، ئېشەك يەنە بىر قۇلىقىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويۇپ مۇلايىملىق بىلەن جىم تۇردى.

ــ قاراڭ، قۇلىقىنى تۇتقىلى قويىدىكەن، سىز خۇددى ماڭا بېقىشىپ بەرگەندەك ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئاغزى - ئاغزىڭىزغا تەگمەي ماختاپ كەتتىڭىزغۇ؟!.

ــ نې... نېمە دەۋاتىسىز؟ گېپىڭىزنى ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ؟ــ دېدى بېدىك يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ دۇدۇقلاپ.

ــ چۈشەنمىدىم ؟ بۇ ئېشەك مېنىڭكى دەۋاتىمەن!

ــ مېنىڭكى ؟! مەن ئۇنى ھازىرلا بىرسىدىن سېتىۋالدىمغۇ ؟!

ــ كىمدىن سېتىۋالدىڭىز ؟ ئۇنداق بولسا سېتىۋالغان ئادەمنى تېپىڭ، بولمىسا مەن بىلەن ساقچىخانىغا مېڭىڭ!

بېدىكنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. بېدىك بىلەن

ئېشەك ئىگىسىنى تونۇيدىغانلار ئارىغا چۈشۈپ سالاچىلىق قىلدى. بېدىك ئېشەك ساتقۇچىنى تاپماقچى بولدى. ئۇ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قارىغان بولسىمۇ، ئېشەك ساتقۇچىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بېدىك ئاخىرى نائىلاج ئېشەكنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۆمەر قاش قارايغان چاغدا ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار ئولجىلارنى ئۇ تاپىلىغان بويىچە بەلگىلەنگەن جايغا بىخەتەر ئېلىپ چىقىپ تۇرۇشقاندى. ئۆمەر ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىۋېتىپ يەنە ئەتە سەھەردە بۇ ماللارنى باشقا بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كېلىپ ياردەملىشىشىنى تاپىلىدى. ئەتىسى سەھەردە ئۆمەر بىر كىچىك ماشىنىنى كىرا قىلىپ كەلدى. ئۇلار ھارۋىلارنى شۇ يەردە قويۇپ، ئېشەكلەرنى ماشىنىغا سېلىپ ناھىيە بازىرىدىن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەنە بىر يېزا بازىرىغا ئېلىپ باردى. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك» دېگەندەك ئۆمەرنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزدىمۇ ـ قانداق، ئۇ خۇددى ئۈركىگەن كىيىكتەك ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ ئۆز «ئولجا» لىرىنىڭ قېشىغا كەلمەي نېرىدا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ «خىزمەتچى» لىرى بولسا ئېشەكلەرنىڭ يېنىدا ھېچنېمىدىن بىخەۋەر تۇرۇشاتتى. تۈنۈگۈن سودىدا يۈزى تۆكۈلگەن بېدىكمۇ بۈگۈن سەھەردىلا بۇ بازارغا چىقىپ «رازۋېدكا» نى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ توساتتىن ئەتراپقا ئەنسىز نەزەر سېلىۋاتقان ئۆمەرنى كۆردى ـ دە، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ ئۆمەر تەرەپكە چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭدى.

ئۆمەر ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان بېدىكنى كۆرۈپ ئۇنى دەرھال تونۇدى ـ دە ، بەدەر تىكىۋەتتى. بېدىك كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى. ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ «ئوغرىنى تۇتۇڭلار»دېگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى. بەختىگە يارىشا بىر نەچچە ئاق كۆڭۈل دېھقان ئۇنىڭغا ياردەملەشتى.

ئۆمەر ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ قېتىم ج خ ئىدارىسى ئۆمەرنى ئاپتونوم رايونلۇق روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا رەسمىي تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇ ئاخىرى ئىككى ساقچىنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىندى. بۇ يەردە كىچىككىنە بىخەستىلىك كۆرۈلدى. ئۆمەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قولىدىكى كويزىنى ئېچىۋېتىپ ماشىنا ئىشكىنى ئاستا ئاچتى ـ دە، پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر توپى ئارىسىدا غايىب بولدى.

ساقچىلار شەھەر ئىچىنى خېلى ئۇزاق ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى . . .

ئۆمەر ئۈرۈمچىنىڭ ھېچقانداق يېرىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بىر نەرسە ئوغرىلىغۇسى كەلدى. ئەمما ئىشەك، ھارۋا ئوغرىلاپ كۆنۈپ قالغان بۇ ئوغرىغا بۇ يەردىن ئوغرىلىغۇدەك ھېچ نەرسە تېپىلمىدى. كەچ كىردى . . . تاڭ ئاتتى. ئۇ ياتقۇدەك بىرەر جايمۇ تاپالماي كېچىچە كوچا ئايلىنىپ سەھەر ۋاقتىدا

ئۆلانبايدىكى بىر تاغ باغرىغا چىقىپ قالدى . بۇ يەردە ئۇ بىر سۈت ساتقۇچىنىڭ ئۆيىگە كىردى . ئۇ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن بۇ ئادەمنى ئىشەندۈرۈپ بىر نەچچە كۈن ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ پاناھلاندى. بىر كۈنى بۇ «مۇساپىر» نىڭ يۇرتىغا بارماقچى بولغان بىر شوپۇرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن سۈت ساتقۇچى ئۇنى بۇ شوپۇرغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدى. ئۆمەر بىر نەچچە كۈنلۈك سەپەرنى تۈگىتىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇرۇمچىگە مېڭىشتىن بۇرۇن شۇ يېزىدىن ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مۇھەممەتتىن ئاڭلىۋالغان ئادرېس بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپتى.

ـ ھازىر ج خ ئىدارىسى ماڭا ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش جازاسى بەردى ، ـ دېدى ئۆمەر مۇھەممەتنىڭ ئايالىغا قاراپ ، ـ رۇخسەت ئېلىپ چىقتىم . مۇھەممەت ماڭا يالۋۇرۇپ «ماڭمۇ ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش جازاسى بېرىپتۇ. يۇقۇرىغا ئەرز قىلسام، ماڭا بېرىلگەن جازا يېنىكلەيدىكەن. ئەرز قىلىش ئۈچۈن ئىككى يۈز يۈەن پۇل كېتىدىكەن، ئۇ يەردە يەنە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا پۇل كېتىدىكەن . ئېغىر كۆرمەي بىزنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئۆيدىكىلەردىن ئۈچ يۈز يۈەن پۇل ئالغاچ كىرگەن بولسىلا» دېگەنىدى. شۇڭا ئۆزلىرىنى ئىزدەپ چىقتىم.

مۇھەممەتنىڭ ئايالى بۇ يوچۇن ئادەمگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئۆمەر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن:

— پــۇل بەرســـلە ماڭـــا بەرمەيـــدىلا، ئۆزلىرنـــڭ ئېرىگــە بېرىدىلا، يا ئۇ مېنىڭ ئاكام ئەمەس، مەن مۇھەممەت ئۇچۇن بىر مۇنچــە يــول يــۇرۇپ بــۇ يەرگــە چىقــتىم، بەرســلە ئــەكىرىپ بېرىمەن، بەرمىسلە كىرىپ كېتىمەن، مۇھەممەت يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرغاندى . . . .، — دېدى .

مۇھەممـەتنىڭ ئايـالى ئېرىنـڭ يىغـلاپ تـۇرۇپ يالۋۇرغـانلىقىنى ئـاڭلاپ كـۆڭلى شۇررىدە ئېـرىپ كـەتتى ـ دە، دەرھـال ئـۇچ يـۈز يۈەنـنى تـەييارلاپ ئۆمەرگـە تۇتقـۇزۇپ قويـدى. ئـۆز كارامىتىـدىن مەمنـۇن بولغـان ئۆمـەرنىڭ يۈرىكـى باشقىچە يـايراپ، ئـۇچ يـۈز يۈەنـنى ئېلىپ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ بىـر نەچچە كـۈن بەھـۇزۇر خەجلىدى .

2000- يىلـى 11 ـ ئاينـىڭ 5 ـ كـۈنى كەچتـە، ئۆمـەر يەنـە ھەرىكەت باشلىدى. ئۇ كوچا چىراغلىرىنىڭ غۇۋا نۇرى ئاستىدا تىمىسـىقلاپ يـۈرۈپ ناھىيـە بـازىرى تەۋەسىـدىكى بىـر كىچىك مەسـچىت ئالـدىغا كـېلىپ توختـىدى ـ دە ، ئالـدىن تـەييارلاپ ئېلىپ كەلگەن ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى پولات تۆمـۈر بىلـەن مەسـچىتنىڭ قۇلۇپـىنى قومـۇرۇپ، مەسـچىت ئىچىگـە غىپپـىدە كىـرىپ كـەتتى. سـىرتتىكى تـاراق ـ تـۇرۇقنى ئاڭلىغـان مەسـچىتنىڭ خـەۋەر ئالغۇچىسـى دەرھـال ئورنىـدىن تـۇرۇپ مەسـچىت يېنىغـا كـېلىپ ئـوغرى كىرگـەنلىكىنى سـەزدى ـ دە دەرھـال يـېقىن ئەتراپـتىكى بىـر كىشـىنى ئـويغىتىپ ئاسـتا مەسـچىتكە كىـردى. بـۇ ۋاقىتتـا ئۆمـەر مەسـچىتكە سېلىنغان زىلچـا ـ گـىلەملەرنى يىغىشـقا تـەرەددۇت قىلىۋاتـاتتى. «كىمسـەن؟!» دېگـەن ئـاۋازنى ئاڭلىغـان ئۆمـەرنىڭ يۈرىكـى

جىغىلداپ كەتتى. ئۇ دەرھال تىترەك ئولاشقان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكىگىنىچە مەسچىتنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋالدى .

— سەن نېمە ئادەم ؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭ ؟

— ناماز ئوقۇغىلى كىرگەن .

— بۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان قانداق ناماز كەن ئۇ ؟

— ناماز ئوقۇغىلى كىرگەن ئادەم قولۇپىنى قومۇرۇپ كىرەمدۇ ؟ بۇنى نېمە قىلغىلى ئېلىپ كىرگەن؟ — دېدى ئۇلار مەسچىت ئوتتۇرسىغا تاشلاپ قويۇلغان سولياۋ شوينىنى كۆرسىتىپ .

— مەن ئېزىپتىمەن .

— بۇنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى . . . .

«ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى» دېگەننى ئاڭلىغان ئۆمەرنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— مەن خۇش بولۇپ كېتەي، مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرمەڭلا، مېنى قويۇۋېتىڭلا !

ئۆمەر ئاخىرى ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى .

ئۇزاق يىللاردىن بېرى سارالڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ جەمئىيەتتە ئەنسىزلىك پەيدا قىلغان، كىشىلەر تۇرمۇشىغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ ئوغرىلىق قىلىپ كەلگەن ئۆمەر ئوغرىنىڭ قىلمىشىغا ئاخىرى خاتىمە بېرىلىپ، 2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى .

# بىھۇدە تۆكۈلگەن قان

2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت ئون ئىككىلەر ئەتراپىدا يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر كىشى ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا مەلۇم ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ نۆۋەتچى ئىشخانىسىغا ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ كەلدى- دە:

— مەن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىمنى پىچاق تىقىپ زەخىملەندۈردۈم، ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن. بەلكىم ھازىرغىچە ئۆلۈپ بولغاندۇ... مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كەلدىم...، — دېگىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرۇپ قالدى . . .

تۇتاش كەتكەن كۆجۈم مەھەللىلەر قاپلاپ تۇرغان گۈزەل بىر كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن غالىب 2003 - يىلى 3 - ئايدا بىر كەنتلىك ساددا دېھقان قىزى بائىممە بىلەن قانۇنلۇق توي قىلىپ بىر ئائىلىگە كىردى. تويدىن كېيىن ئۇلار بىر مەزگىل ياخشى ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا مۇھەببەت ئاساسى ئاجىز نىكاھ مۇناسىۋىتى غالىبنىڭ تاپتىن چىققان يولسىز قىلىقلىرى تۈپەيلىدىن تەدرىجىي بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. غالىب ھە دېسىلا مۇشتۇمزورلۇق قىلىپ، بائىممەنى باشقىلاردىن ئورۇنسىز كۈنلەپ، ئۇرۇپ - دۇمبالايتتى. بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرالمىغان بائىممە بىر نەچچە قېتىم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى. ئاردىكى بۇنداق ئورۇنسىز

جېدەل - ماجرالار تۈگىمىگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆز - ئارا كېلىشىپ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىش ئۈچۈن 2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى يېزىلىق خەلق ئىشلار ئىشخانىسىغا كەلدى. ئۇلار كەلگەندە ئىشخانىدا بۇ ئىشنى بېجىرىدىغان خادىم يوق ئىدى. غالىب ئۇياق - بۇياقنى چۆرگىلەپ كېلىپ:

— ئاۋۋال سۈرەتكە چۈشۈپ كەلمىسەك ئايرىمايدىكەن، شۇڭا دەرھال شەھەرگە كىرىپ سۈرەتكە چۈشۈپ كېلەيلى، — دېدى. غالىبنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر بۇ ساددا دېھقان قىزى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ناھىيە بازىرىغا كەلدى.

— بۇ يەردە سۈرەتكە چۈشسەك، تېز چىقىرىپ بەرمەيدۇ، شەھەرگە كىرىپ چۈشسەك شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا چىقىرىپ بېرىدۇ، شۇ يەرگە بارايلى، — غالىب بائىممەنى شۇنداق ئالداپ ناھىيىگە ئانچە يىراق بولمىغان شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ قانداقتۇر ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ ھېچ ئىش كۆرمىگەن بائىممەنى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇدۇل مەكىت ناھىيىسىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئاقسۇ شەھىرى، شايار ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ يەرلەرگە كەلگەندىن كېيىن باشقىلارغا ياللىنىپ كېۋەز تېرىش، كېۋەز ئېتىزلىرىنى باشقۇرۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ جېنىنى جان ئەتتى. بۇ مەزگىللەردىمۇ غالىب كونا خۇيىنى تاشلىماي، مېھرىبان ئاتا - ئانىسىدىن، سۆيۈملۈك يۇرتىدىن ئايرىلىپ يۈرەك باغرى جۇدالىق

ئوتلىرىدا ئۆرتىنىۋاتقان بائىممەنى بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇپ - دۇمبالىدى. چىدىغۇسىز خورلۇق ئازابىدىن بائىممەنىڭ مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم قەددى پۈكۈلدى. پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان غۇنچىدەك چىرايى كەچكۈزدىكى ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك سارغىيىپ سولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ئۇچقۇنلىرى پىلىلداپ تۇرغان مىسكىن كۆزلىرىدىن ھەر ۋاقىت مېھرىبان ئاتا - ئانىسى، كۆيۈمچان تۇغقانلىرىغا بولغان ئوتتەك سېغىنىش ھېسسىياتى ياش بولۇپ قويۇلماقتا ئىدى.

بائىممە 2001 - يىلى 4 - ئاينىڭ مەلۇم بىركۈنى تاسادىپىي پۇرسەتتە يۇرتىغا تېلېفون ئېلىپ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى ئۆتۈندى. ئۇن ئايدىن بېرى ئۆز يۇرەك پارىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ پەرزەنت ئوتىدا كۆل بولغان بىچارە ئاتا دەرھال يولغا چىقىپ ئاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ بائىممەنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي غالىبمۇ قايتىپ كېلىپ، بائىممەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يارىشىپ قېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بائىممە قوشۇلمىدى. نەرسالىقى تۇتقان غالىب بائىممەنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدىلا ئۇرۇپ - تىللاپ كەتتى. كۆز ئالدىدىلا ئۆز قىزىنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن ئاتا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان بولسىمۇ، سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ غالىبنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي غالىب بىلەن ئەمدىلىكتە بىر ئۆينى تۇتۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەن بائىممە ناھىيىلىك خەلق سوت

مەھكىمىسىگە نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىلتىماسى سۇندى.

2001 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سوت مەھكىمىسى يېپىق سوتتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن مېھرى - مۇھەببەت قالمىغانلىقى، غالىبنىڭ بائىمەنى كۆپ قېتىم ئۇرۇپ، ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۆيدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

غالىب بىلەن نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن بائىمە بىر مەزگىلگىچە يەلكىسىدىن بىر تاغ يۆتكىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ قالدى . لېكىن بۇ كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى . چۈنكى غالىب يەنە يۈزنى داپتەك قىلىپ ، بائىمەنىڭ كەينىدىن خۇددى سايىدەك ئەگىشىشكە باشلىدى . ئۇ بائىمەگە قايتا يارىشىۋېلىش تەكلىپىنى قويدى . بائىمە كەسكىن رەت قىلدى . كېيىن غالىب باشقا ئايال بىلەن توي قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بائىمەنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپلا يۈردى.

2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئانىسىغا يارەدەملىشىپ ئەتىگەنلىك ئۆي ئىشلىرىنى بىر قۇر ئاخىرلاشتۇرغان بائىمە ئون بەش ياشلىق ئىنىسى ئاسىمنى ئەگەشتۈرۈپ ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆزىگە تەۋە ئېتىز بويلىرىدىكى باراقسان ئۆسكەن ئۈزۈملەردىن يوپۇرماق كېسىپ كېلىشكە باردى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆز بېشىدا ئەزرائىلنىڭ ئەجەل سىرتمىقىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى .

ــ ئاچا، يوپۇرماق كېسىدىغان قايچا يوق تۇرىدۇغۇ؟ــ دېدى ئاسىم بائىممەگە قاراپ .

ــ ھۆي، يولدا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ــ بائىممە شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە بۇرۇلدى .

ــ مەن بېرىپ تېپىپ كېلەي ئاچا ، ــ ئاسىم شۇنداق دېگىنىچە يولدا چۈشۈپ قالغان قايچىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ھارۋىدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ ماڭدى . ئۇ قايچىنى تېپىپ ئەسلىدىكى جايغا كەلگەندە بائىممە يوق تۇراتتى. ئاسىم ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇياق ــ بۇياققا كۆز يۈگۈرتكەچ:

ــ ئاچا، ئاچا!، ــ دەپ چاقىردى.

ــ ھە، ــ ياندىكى قوناقلىق ئىچىدىن بائىممەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاسىم بىردەم قوناقلىققا قاراپ تۇردى. بائىممە قوناقلىقتىن چىقمىغاندىن كېيىن ئاسىم قوناقلىققا كىردى. ئۇ ئاچىسى بار يەرگە بېرىپ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدى، چۈنكى بۇ يەردە غالىب بائىممەنىڭ سول بىلىكىدىن ئامبۇردەك قاماللاپ: «ماڭ، بۇياققا» دەپ كۆچەپ تارتىۋاتاتتى. بائىممە بولسا «ياق» دەپ تىركىشىۋاتاتتى ( غالىبنىڭ ئىقرارىچە، بائىممەنىڭ ئېتىزلىقتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ھازىرلا ئاقسۇغا چىقىپ كېتىمىز، بۈگۈن چىرايلىقچە ماڭساڭمۇ ماڭىسەن، ماڭمىساڭمۇ ماڭىسەن، دەپ بائىممەنىڭ قولىدىن تارتقان، بائىممە قوشۇلماي تىركەشكەن). غالىب بائىممەنىڭ «ياق» دەپ تىركىشىشىگە قارىماي ئۇنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئېتىز بېشىدىكى سۆگەت ئاستىغا ئېلىپ

چىقتى ، بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ئاسىم قورقۇپ :

— ئاچا، يۇر ئۆيگە كېتەيلى، — دېگىنىچە ئۇلارغا يېقىنلاشتى. ئاسىمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان بائىمە غالىبقا زەردە بىلەن قاراپ:

— مېنى قويىۋەت، — دەپ قولىنى سىلكىدى، شۇنىڭ بىلەن بائىمە غالىبنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ كەينىگە ئۇچىدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئاسىم بائىمەنى يۆلەشتۈرگىلى يۈگۈرۈپ كېلىشىگە غالىب مۇشتى بىلەن ئاسىمنىڭ ئاغزىغا قاتتىق بىرنى ئۇرۇۋەتتى. ئاسىم مۇشت زەربىسىدىن خۇددى بىر كىم كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتكەندەك ئارقىسىغا گۈپپىدە ئۇچۇپ چۈشتى. بائىمە قولىنى يەرگە تىرەپ ئورنىدىن قوپۇش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقاندا يىرتقۇچ ھايۋان كەبى تەلۋىلىكى نېرۋىسىنى بوغۇپ قويغان غالىب يۈگۈرۈپ كېلىپ بائىمەنى دۈم قىلىپ بېشىنى يەرگە باستى ـ دە ، يانچۇقىغا ئېسىقلىق خەنجىرىنى سۇغۇرۇپلا ئالدىدا ساننىڭ چاڭگىلىدىكى چۈجىدەك تېپىرلاپ ياتقان ئاجىزەنىڭ بوينىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئارقا — ئارقىدىن ئىككى پىچاق تىقىۋەتتى. كېسىلگەن تومۇرلاردىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قانلار ئەتراپنى بىر ئالدى. ئەمدىلا ئون توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ ئاجىزە تۆۋۈقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قان ئىچىدە ئاجىز ئىڭرىغىنىچە جان تالىشىشقا باشلىدى . غالىب بائىمەگە پىچاق تىقىپ بولۇپ ئاسىمغا سۇرلۇك قارىدى. كۆزنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن پاجىئەدىن قورقۇپ روھى چىقىپ كەتكەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان

ئاسىم غالىبنىڭ قان تولغان كۆزلىرىدىن چاچرىغان ياۋۇزلۇق ئۇچقۇنلىرىنى كۆردى. دە، خۇددى قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بىر سىلكىنىپلا: «ئاچامغا پىچاق تىقتى، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلىغىنىچە خۇددى ئوۋچىدىن ئۈركىگەن كىيىكتەك مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

غالىب قولىدىكى قانلىق پىچاقنى جان ئاچچىقىدا تىپىرلاۋاتقان بائىممەنىڭ يېنىغا تاشلاپ ئاللىقاياقلارغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە ناھىيىگە بارىدىغان ماي يولىغا چىقىپ ئاپتوموبىل كىرا قىلىپ ج خ ئىدارىسىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

ج خ خادىملىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ بولغۇچە مەھەللىدىكى كىشىلەر بائىممەنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن هارۋىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئەمما بائىممە بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىدى.

كىشىلەر بائىممەنىڭ نەپەستىن قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. نى ئارزۇ ـ ئارمانلاردا چوڭ قىلغان ئوماق غۇنچىسىنىڭ بىر ئىبلىس نائەھلىنىڭ قولىدا ۋاقىتسىز تۈزۈپ كەتكەنلىكىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاتا ـ ئانا چاك ـ چاك يېرىلغان يۈرىكىنى قامالىغىنىچە ئۆزلىرىنى هەر تەرەپكە ئۇرۇپ يىغلاشتى.

قانۇن دوختۇرى جەسەتنى ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆلگۈچى بىسلىق قورال بىلەن زەخىملەندۈرۈلۈپ ئارتېرىيە تومۇرى كېسىلگەنلىكتىن كۆپ قان چىقىپ ئۆلگەن،

دەپ يەكۈن چىقاردى.

جىنايەت گۇماندارى غالىب 9 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى قەستەن قاتىللىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى .

2003 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت ئېچىپ، جاۋابكار غالىبنىڭ دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن ج خ ئورگىنىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ قەستەن قاتىللىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش توغرىسىدا بىرىنچى سوت ھۆكۈمى چىقاردى.

# چاقشا كوچىسىدىكى سەرسانلىق

مەن قانداقتۇر بىر ماتېرىيالنى ئىزدەپ خىزمەتدىشىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇ يەردە بوغداي ئۆڭ، قاپقارا كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا خىزمەتدىشىم سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئۇقسام بۇ بالا ئالدامچىلار تەرىپىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئالداپ كېتىلىپ ئوغرىلىققا سېلىنغان بالا ئىكەن. بالىنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بېشىنىڭ ئۈچ يېرىدە ئۈچ - تۆت سانتىمېتىر كەلگۈدەك ئىنچىكە تارتۇقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ نېمە تارتۇقلار ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ئوغرىلىق قىلغاندا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ساقچىلارغا تۇيىدۇرماي تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇۋالغان تىغ بىلەن بېشىنى كېسىپ يارىلاندۇرۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ بالىنىڭ كەچۈرمىشلىرى مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى خىزمەت ئېهتىياجى تۈپەيلىدىن ماڭا بۇ بالا بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىشكە پۇرسەت بولمىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ دېلو ئۈستىدە قانۇن بويىچە هۆكۈم چىقىرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ باردىم. ئۇ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۆزى كۆرۈپمۇ باقمىغان يات

يەرلەردە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىككى يىللىق ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى . . .

مېنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىم تەبىئەت جەننەت تۇسىگە كىرگەن ماي ئېيىنىڭ 22 - كۈنى باشلاندى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، دەرىستىمۇ ياخشى ئىدىم. شۇ چاغدا مەن تېخى ئەمدىلا ئون بىر ياشقا كىرگەنىدىم. كىچىكلىكىمدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بىر ساۋاقدىشىم بىلەن سۆيۈملۈك ئانا يۇرتۇم قاراقاش ناھىيىسىدىن ئويناش ئۈچۈن خوتەن شەھرىگە كەلدىم. بىز كوچا ئايلىنىپ يۈرگىنىمىزدە يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدىكى بىر كىشى يېنىمىزغا كېلىپ «سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. بىز «قاراقاشتىن ئوينىغىلى كەلگەن» دەپ جاۋاب بەردۇق. ھېلىقى كىشى «يۈرۈڭلار، ئاشخانىغا كىرىپ بىرگە تاماق يەيلى» دېدى ۋە بىزنى سۆرەپ دېگەندەك ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى. كېيىن ئۇقسام ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەمەتجان ئىكەن. بىز تاماق يېگىلى ئۇنىمىدۇق، ئەمەتجان ئىسىملىك ھېلىقى كىشى مېنى سىرتقا چاقىرىپ ئېلىپ چىقتى. سىرتتا «شىيالى» ماركىلىق بىر ماشىنا بار ئىكەن. ماشىنىدىن بىر كىشى چىقىپ مېنى تارتىپلا ماشىنا ئىچىگە كىرگۈزدى ۋە بىر ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ماڭا ئاشپەزلىكنى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى، مەن «ئوقۇيمەن» دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇلار «ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ، ھازىر جەمئىيەتتە پۇل بولسىلا بولدى، مانا بىزمۇ ساۋاتسىز، تېخى ساۋاتلىقلاردىن ياخشىراق كۈن كۆرۈۋاتىمىزغۇ، سەن ئىچكىرى ئۆلكىگە بېرىپ كاۋاپچىلىق قىلىسەن» دېدى. مەن

يەنىلا ئۇلارغا يالۋۇردۇم. بىراق بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزىنىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ «ئەمدى ھېچ يەرگە كېتەلمەيسەن، كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما، بولمىسا كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرۈسەن» دەپ تەھدىت سالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مېنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز تالاغا چىقارمىدى. 4 - كۈنى ئەمەتجان مېنى يەنە ئاللىقانداق بىر كىشىلەرگە قوشۇپ بىريەرگە يولغا سالدى. بىز يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇ ماڭا «ئەگەر ساقچىلار ئۇچراپ قالسا، مەن بۇلارنىڭ تۇغقىنى دەيسەن» دەپ جېكىلىدى. ئەمما مېنى ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ تەلىيىگە يولدا بىرەر ساقچىمۇ ئۇچرىمىدى. نەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار مېنى كۆچا دەيدىغان بىر يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. كېيىن بۇ يەرگە ئەمەتجانمۇ پەيدا بولۇپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇ كۆچالىق، يەركەنلىك ئۆزىگە ئوخشاش ئۇلپەتلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرىنىڭ يېنىدا ماڭا ئوخشاش گۆدەك باللارمۇ بار ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار بىزنى كورلىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار يەنە بىزنى كورلىدىن پويىزغا ئولتۇرغۇزۇپ نەچچە كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بىر گۈزەل شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. كېيىن ئۇقسام بۇ يەر خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرى ئىكەن. توۋا، مەن خوتەنگە بارىمەن ، دەپ خۇنەنگە كېلىپ قالغاندىم.

ئۇلار مېنى شەھەر سىرتىدىكى بىر ئارقا كوچىغا جايلاشقان بىر كونا بىناغا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەر ئۇلار ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان جىنايەت ئۇۋىسى ئىكەن. مەن دەسلەپتە بۇلار

راستتىنلا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. نەدىكىنى، ئۇلار بىزدەك سەبىي باللارنى ئالداپ ئوغرىلىققا سېلىپ جان باقىدىغان تەييار تاپ چۆپرەندىلەر ئىكەن. مەن بۇ يەرگە كەلگەن ئىككىنچى كۈنى ئۇلار مېنى «قاراتوختى» «كۆك توختى» دەيدىغان ئىلگىرى بۇ يەردە بار ئىككى بالىغا قوشۇپ ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقاردى. مەن بۇ ئىككى «توختى» بىلەن ئوغرىلىققا چىققان كۈنى ھېچ ئىش قىلالمىدىم. ئۈچ كۈنگىچە شۇنداق بولدى، چۈنكى مەن بۇ ئىشنى پەقەت قاملاشتۇرالايدىغاندەك ئەمەس ئىدىم. خوجايىن مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ قاتتىق كايىپ كەتتى ۋە مېنى ئۈچ كۈن ئاچ قويۇپ جازالىغانىنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە تاياق ــ توقماق «ئىنئام» قىلدى. مەن نائىلاج كوچىغا چىقىپ ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلار ماڭا بىر «پايلاقچى» نى قوشۇپ قويدى. مېنى پايلاپ چىققان ھېلىقى نا ئەھلى ماڭا كوچىدا قول تۇتۇشۇپ كېتىپ بارغان بىرجۈپ ئەر ـ ئايالنى كۆرسىتىپ، ئايالنىڭ سومكىسىدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاشنى بۇيرۇدى. مەن ئاستا بېرىپ ئۇ ئايالنىڭ سومكىسىغا قول ئۇزاتتىمۇ، قورقۇپ تۇرۇپلا قالدىم. «پايلاقچى» يېنىمغا كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋېدى، مەن قورقۇپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنى ياناققا قايتۇرۇپ كېلىپ «قورققان يۈرىكىڭ مۇشۇمۇ؟» دېدى ۋە مېنىڭ كۆكرىكىمگە كۈنلۈكنىڭ سېپى بىلەن قاتتىق ئۇردى. شۇنداق قىلىپ مەن قاتتىق قىيناشلار نەتىجىسىدە تۇنجى قېتىم بىر ئايالنىڭ سومكىسىغا قول تىقتىم. ھەر ھالدا «ئەجىر»ىم

بىكارغا كەتمەيدى. سومكا ئىچىدىن ئوتتۇز بەش يۈەن پۇل چىقتى. ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر ئايالنىڭ سومكىسىدىن ئىككى يۈز يۈەننى «دادىل» لىق بىلەن سوغۇرۇۋالدىم. شۇنداق قىلىپ مەن بۇ ئىشلارغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ كەتتىم، «ھۈنەر»ىممۇ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ باردى.

بىزنىڭ ئوغرىلىق نىشانىمىز سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىۋېلىپ قولتۇقلىشىپ ماڭغانلار، يانچۇقىغا پۇل ۋە ھەميان سېلىپ يۈرگەن چىرايلىق قىز - چوكانلار ئىدى. بىر قېتىم كوچىغا چىقىپ «ئولجا» ئىزدەۋاتقىنىمدا سومكىسىغا گېزىتنى قاتلاپ سېلىۋالغان ئىككى قىرى ئايالغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ تۇيدۇرماستىن سومكىسىدىكى گېزىتنى سوغۇرۇۋالدىم - دە، تىكىۋەتتىم. گېزىتنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتتىم. گېزىت ئىچىدە ئون تۆت مىڭ يۈەن پۇل تۇراتتى. بۇ پۇلنى كورگەن خوجايىنىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ماڭا كىيىم ئېلىپ كىيىشىم ئۈچۈن ئىككى يۈز يۈەن بەردى. خوجايىنىنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتكەن شۇ مىنۇتلاردا پۇل ئىگىلىرىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

شۇنداق قىلىپ مەن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خوجايىنغا نەق پۇل، يانفون، ئالتۇن زىبۇ زىننەت قاتارلىقلار بولۇپ ئىككى يۈز مىڭ يۈەنگە يېقىن مال - مۈلۈك ئوغرىلاپ بەردىم. مەن بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. ئىشلار ھەر كۈنى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيتتى. بەزىدە قۇرۇق قول قايتىپ كەلسەم خوجايىنىدىن بىر ھازا تاياق

يەيتتىم. خوجايىنىنىڭ قىيناش ئۇسۇلى ئىنتايىن ۋەھشىي ئىدى. قاتتىق ئۇرۇش، سوغۇقتا يالىڭاچلاپ قويۇش، تاماق بەرمەي ئاچ قويۇش... قاتارلىق ئۇسۇللىرى جانىدىن ئۆتەتتى. مەن ساقچىلارغىمۇ بىرنەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ قالدىم. ئارىمىزدىكى بىر خوجايىنىنىڭ ئايالى ساقچىخانىلارغا بېرىپ مېنى ھېلى بالام ئىدى، ھېلى ئۇكام ئىدى، دەپ ئېلىپ چىقاتتى. مەن نەچچە قېتىم ساقچىلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى دەي دېدىم، لېكىن تىل بىلمىگەچكە مەقسىتىمنى قانداق ئىپادىلەپ بېرىشنى بىلمەيتتىم. بەزىدە ساقچىلار تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىسە خوجايىن تاماق ئەكىرىپ بېرىش باھانىسى بىلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ تىغ كىرگۈزەتتى. ئۇلار ماڭا تىغنى تىلىمنىڭ ئاستىغا سېلىۋېلىشنى ئۆگەتكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مەن تىغدا بېشىمنى كېسىۋالسام ساقچىلار قويۇپ بېرىدىكەن. تۇنجى قېتىم تىغ ئەكىرىپ بەرگەندە بېشىمنى كېسىشكە قولۇم بارمىدى. ئەمما قايتىپ چىققاندا خوجايىندىن ئۆلگۈدەك تاياق يېدىم. كېيىنكى قېتىم ئامالسىزلىقتىن بىر نەچچە قېتىم بېشىمنى كېسىۋالدىم. يۈز - كۆزلىرىم قانغا بويۇلۇپ كەتتى، دەرۋەقە ساقچىلار مېنى قويىۋەتتى. كېيىنچە ئانچە - مۇنچە خەنزۇچە تىلنىمۇ بىلىپ قالدىم. بىر قېتىم ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قېلىپ ئەھۋالنى ئۇلارغا يېرىم - يارتا چۈشەندۈردۈم. ساقچىلار كېلىپ قارا ئۇۋىدىكىلەرنى تۇتتى. بىراق خوجايىنىنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ قالغان چېغى، ئۇ بۇ قېتىم تۇتۇلماي قالدى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنى بىر دانە پولات چۈۋۇق بىلەن راسا دۇمبالىدى.

كېيىن هوشۇمدىن كەتتىم. نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. كېيىن هوشۇمغا كەلسەم دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ئەسلىدە خوجايىن مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەنىكەن، چۈنكى مەن تېزراق ساقايسام ئۇنىڭ چۆنتىكىگە پۇل تولايتتىم. مەن ھەر قېتىم تاياق يېگەن چاغلىرىمدا، ئادەملەر مىغ - مىغ كوچىلاردا ئولجا ئىزدەپ يۈرگەنلىرىمدە ئاتا - ئانامنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلايتتىم. شۇ مىنۇتلاردا قانات ياساپ ئۇچقىلى بولسىدى، مەن ئازابلانغان ۋۇجۇدۇمنى ئۇلارنىڭ باغرىغا ئېتىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋالغان بولار ئىدىم. مەن قېچىپ كېتەي دېسەم يول بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى نازارەت قىلىدىغان «پايلاقچى» كەينىمدىن خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك ئىز بېسىپ يۈرەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى نازارەت قىلىدىغان «پايلاقچى» لارنىڭ بىرسى يۇرتىمىزغا قايتماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئاتا - ئانامغا خەۋىرىمنى بېرىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى ئەمەتجاننىڭ بىر ئاكىسى خۇنەنگە كېلىپ ئەمەتجان بىلەن ئىككىمىزنى يۇرتىمىزغا قايتۇرۇپ كەلدى.

ئەسلىدە مەن ئادرېسىمنى بەرگەن «پايلاقچى» ئاتا - ئانامدىن پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ بەش مىڭ يۈەن تاپشۇرسا مېنىڭ بار يېرىمنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى دەپتۇ. ئاتا - ئانام ئۇنىڭ تەلىپىگە دەرھال ماقۇل بولۇپ پۇلنى تاپشۇرىدىغان جاينى كېلىشىپتۇ.

ئۆنىڭدىن كېيىن دەرھال ساقچىخانىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپتۇ. پۇل تاپشۇرىدىغان كونى ساقچىلار پۇقراچە كىيىنىپ، ئاكام پۇلنى ئۆنىڭغا بەرگەن ھامان ئۆنىڭ قولىغا كويزا سېلىپتۇ. ھەم ئۆنىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن ئەمەتجاننىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا تەربىيە ئىشلەپ ئۆنىڭ ئاكىسىنى بىزنى قايتۇرۇپ كېلىشكە خۇنەنگە ئەۋەتكەنىكەن. بىز خۇنەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەمەتجان قانۇن تورىغا چۈشتى.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن سوت ئېچىلدى. خەلق سوت مەھكىمىسى ماڭا ئىككى يىلغا يېقىن دوزاخ ئازابىنى كۆرسەتكەن بۇ ئىبلىسقا باللارنى ۋەسىيسىدىن ئايرىۋېتىش جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

X X X

بېشىدىن ئۆرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزۈپ ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلۇپ چىققان بۇ بالا ئاخىرقى سۆزىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى: «مەن ھازىرقى جەمئىيەتتىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەي، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلاپ، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ ھەقىقىي بىر ئىنسان بولۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم» .

# ئاق كۆڭۈل دېھقاننىڭ ئۆلۈمى

1998 - يىلى 7- سېنتەبىر تۈن كېچە، ئەتراپ خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. قاياقتىندۇر ئاڭلانغان تومۇزغىلارنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىرىلدىغان ئاۋازى سۇس شىلدىرلاپ چىقىۋاتقان غەرب شامىلىغا قوشۇلۇپ، بۇ تىمتاس كېچە قويىنىغا تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس ئاتا قىلغانىدى. سېكرېتار ياسىنىنىڭ ئۆيىدىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ يېتىشقا تەمشەلگەن ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقان مۇھەممەت سىرتتىكى قىيا - چىيانى ئاڭلاپ سىرتقا چىقتى. بىر توپ ئادەم ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۇ تۇرغان تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يېقىنلاپ كېلىپ بىرسى ئالدىغا چىقتى- دە:

— مۇھەممەتمۇ سەن؟ — دېدى. بۇ ئاۋازدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇغان مۇھەممەت:

— ھەئە مەن، نېمە ئىش بولدى سېكرېتار؟ — دەپ سورىدى.

— سەن بايا بىزنىڭ ئۆيگە ئىشپىيونلۇق قىلغىلى بارغانمۇ؟ ئۇلار مېنىڭ باللىرىمنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى قارشى تەرەپ جىددىي تەلەپپۇزدا ۋە قولىنى مۇھەممەتكە چىنەپ دېۋەيلەپ ئالدىغا كېلىپ، — ئۇرە ھە! — دىدى. «ئۇرە!» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تېرەكنىڭ ھۆل، توم كالتىكى مۇھەممەتنىڭ باش قىسمىغا ئارقا - ئارقىدىن زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. تۇيۇقسىز

تەگكەن بۇ زەربىدىن ھېچنېمىنى سېزەلمىگەن مۇھەممەت بىر ئىغىز گەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي سىرىلىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ پاكلىق ، ساددىلىق ھۆججەيرىلىرى بىلەن تولغان قامەتلىك ۋۇجۇدىغا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن ئىسسىق قانلار ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن بېشىدىن خۇددى بۇلاق سۈيىدەك سىرغىپ چىقىپ، يەرگە چۈشۈشكە قىيمىغاندەك ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى بويلاپ قوينىغا ئېقىپ چۈشتى. ئەتراپتا تۇرغانلار سېكرىتارغا تەسەللى بېرىپ ئۇنى ئۆيىگە كېتىشكە دەۋەت قىلدى.

«ئۇرە!» دەپ بۇيرۇق سوقان بۇ «بۇيرۇقچى» مەلۇم ناھىيىدىكى ئاساسىي قاتلام كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇتتەھەم سېكرىتارى ياسىن ئىدى. ئۇ يۇرت ئىچىدە خالىغاننى قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى. مۇھەممەتنى ئۇرغۇچى ياسىننىڭ بالىسى، بۇ كىچىك يۇرتنىڭ «شاھزادىسى» تۇرسۇن ئىدى. مۇھەممەتنىڭ قان ئىچىدە ئىڭراپ يېتىشى بۇلار ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش بولمىسا كېرەك، ئۇلار ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي بەخىرامان ھالدا ئۆيلىرىگە كېتىشتى. . .

1998 - يىلى 5 - سېنتەبىر، ياسىن بىرقانچە كىشى بىلەن بىللە ئۆز مەھەللىسىدىن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغقا باشقىلارغا بېقىپ بېرىشكە بەرگەن قويلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە چىققانىدى. ئۇ ئۇيەردە ئۆز مەھەللىسىدىن شۇ تاغقا قوي باققىلى چىقىپ كەتكەن كونا قۇدىسى ساۋۇت بىلەن ئىلگىرىكى ئازراق ئىقتىسادىي تالاش - تارتىشنى باھانە قىلىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. ساۋۇت ئوغلى بىلەن بىر بولۇپ ياسىننى ئۇرۇپ يەڭگىل دەرىجىدە زەخىملەندۈرۈپ قويدى. بۇ ئىش

ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ياسىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يوتقانغا چوڭقۇر چۆمكىنىپ ياتتى.

ياسىننىڭ ئۆيدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان يېقىن بۇرادەرلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ئارقا - ئارقىدىن يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسەللى بەرگۈچىلەرمۇ، تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. ياسىننىڭ ئوغۇللىرى بولسا دادىسىنىڭ «ئىنتىقام» ىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرغەزەپ بولۇپ تۇرالماي قېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تاپتا ياسىن شۇنداق بىر بۇيرۇق قىلسىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييار ئىدى. ياسىنمۇ ئۇلارغا تەربىيە بەرمەكتە يوق، «ئالدىرىماي تۇرۇڭلا، مەن ساقىيىپ قوپاي، بىرى بەشكە تېتىيدىغان ئادەمدىن بىر نەچچىنى تېپىپ ئاندىن ئىشنى ھەل قىلىمىز» دېدى. يوقلاپ كەلگۈچىلەر «سېكرېتار، بۇ ئىشنى تەشكىلگە مەلۇم قىلايلى، ئۇلار بىرتەرەپ قىلسۇن» دەپ نەسىھەت قىلغاندا، ياسىن «ياق، بۇ دەۋانى ئۆزۈم سورايمەن» دەپ كەسكىن رەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرى خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئوغۇللىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆرتەپ، ئۇلارنى تېزراق قول سېلىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى . . .

1998 - يىلى 7 - سېنتەبىر كەچتە، ياسىن بىلەن بىر مەھەللىلىك مۇھەممەت ئايالى ۋە چوڭ ئوغلى بىلەن بىللە راسا ئوخشىغان بىر لېگەن پولۇنى ئېلىپ ياسىننى يوقلىغىلى كەلدى. مۇھەممەتنىڭ ساۋۇت بىلەن ئازراق تۇغقاندارچىلىقى بولسىمۇ، لېكىن ياسىن بىلەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار

ياسىننىڭ ئۆيىدە خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەسەللى بەردى. ئۆيدە ياسىننىڭ ئوغۇللىرى كۆرۈنمەيتتى. مۇھەممەت ياسىندىن «باللار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟» دەپ سورىدى. ياسىن «بايا بار ئىدى، نەگە كەتتىكىن؟» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمەلىيەتتە بولسا ياسىننىڭ ئۈچ ئوغلى ساۋۇتنىڭ تاغدىن چۈشۈپ مەھەللىسىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، «بىرى بەشكە تېتىيدىغان» ئاغىنىسىدىن ئۈچنى تېپىپ، قوللىرىغا كالتەك، تۆمۈر ئارا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، ساۋۇتنىڭ ئۆتەر يولىغا جايلاشقان مەھەللە چېتىدىكى بىر تاشلاندۇق خۇمدان ئىچىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىشقانىدى.

ياسىننىڭ يامان نىيىتىنى ئالدىن پەملەپ يەتكەن ساۋۇتمۇ ئۆيىگە كىرىپلا تاغدا كېرەكلىك بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، كېچىلەپ قايتىپ كېتىش ئۈچۈن بىر ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئىتتىك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ خۇمدان يېنىغا كەلگەندە، خۇمدان ئىچىدىن بىرنەچچە قارا كۆلەڭگە ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. ساۋۇت ئاتا - بالىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلارمۇ چاقپىلەكتەك ھەرىكەت قىلىپ، ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەنلەرنىڭ قولىدىكى تۆمۈر ئارا بىلەن كالتەكنى چاققانلىق بىلەن تارتىۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا قارشى تەرەپنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە ئايىماستىن سىلىتۋەردى. ھەش - پەش دېگۈچە ياسىننىڭ ئىككى ئوغلى يۈز - كۆزلىرى قانغا بويۇلۇپ يەر

چىشلەپ يىقىلدى. ئۇلار باشلاپ كەلگەن «بىرى بەشكە تېتىيدىغان»نوچىلار ئاللىبۇرۇن قويرۇقىنى خادا قىلىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغانىدى.

ياسىننىڭ كىچىك ئوغلى قىچىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ياسىنغا خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت ئۆيىگە قايتىپ بولغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ياسىن جىددىيلىشىپ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، چوڭ ئوغلى تۇرسۇننى ئېلىپ خومدان بېشىغا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

تۇرسۇن يولدا ماڭغۇچە قولىغا ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان بىر دانە تېرەك كالتىكىنى ئېلىۋالدى. ياسىن خومدان بېشىغا كېلىپ زەخىملەنگەن ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى خېلى ئېغىر زەخىملىنىپ ئۆك ـ سۇلىنى بىلەلمەي قېلىشقانىدى. ئۇ ئوغۇللىرىنى ئېلىپ «ئاللا ـ تۇۋا» كۆتۈرۈپ، ساۋۇت ئاتا ـ بالىنى بىر هازاغىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ غوۋغانى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ ياسىنغا تەسەللى بەردى. ئۇلار يولدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ كېتىۋاتقاندا، ياسىننىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ يېتىشقا تەمشەلگەن مۇھەممەتمۇ سىرتقا چىققانىدى. ئۆيى ئالدىدىكى يولدا نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قاراپ تۇرغان مۇھەممەتنى كۆرگەن ياسىن دەرھال ئۇنىڭ ساۋۇت بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، كۆكلىدە «مۇھەممەت بىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوغۇللىرىمنىڭ ئۆيدە

يوقلىقىنى بىلىپ ساۋۇتقا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئىشپىيونلۇق قىپتۇ» دەپ ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ «مۇھەممەتمۇ سەن؟ ئۇرمامسەن!» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ باردى. شۇنىڭ بىلەن يازمىمىزنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاجىئە يۈز بەردى. ئەمەلىيەتتە بولسا مۇھەممەتتە ھېچقانداق گۇناھ يوق ئىدى. ئەگەر گۇناھ بار دېيىلسە، ئۇنىڭدا پەقەت ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپ ياسىندىن ھال سورىغىلى، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى بارغان گۇناھلا بار ئىدى.

ئېغىر جاراھەتلەنگەن مۇھەممەتنى بۇ تۇيۇقسىز پاجىئەدىن كۆڭلى ئازابلانغان، چىدىغۇسىز خورلۇق ۋە غېرىبلىق ھېس قىلغان ئايالى ۋە ئوغۇللىرى ئەلەملىك يىغا - زار ئىچىدە شۇ كېچىدىلا ناھىيە دوختۇرخانىسىغا تېزلىكتە ئېلىپ باردى. مۇھەممەت دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە كۆزىنىمۇ ئاچماي ھوشسىز ھالەتتە يەتتە كۈن ياتتى. ئۇنىڭ بىچارە ئايالى، ئوماق پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىنى، ئالىقانلىرىنى ئېچىپ بېشىنى سىلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇس، ئىنسانغا قايتا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشىغا قارىماي، ئۇ ئاخىر ئۆزىگە بىرنەچچە يىل ھەمراھ بولغان سۆيۈملۈك ئايالى ۋە سەبىي پەرزەنتلىرىنى تۈگىمەس قايغۇ - ھەسرەتتە قالدۇرۇپ ئۈن - تىنسىز ھالدا بۇ پانىي ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى دەرھال تەكشۈرۈپ دېلو تۇرغۇزۇپ، 1998 - يىلى 16 -

سىنتەبىر تۇرسۇننى قانۇن بويىچە توختىتىپ قويىدى. ياسىننىڭ تۇرار جايى نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. 1998 - يىلى 29 - سىنتەبىر تۇرسۇن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرسۇن بىلەن ياسىن قەستەن ئادەم زەخمىلەندۈرۈپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇش جىنايىتى بىلەن سوتتا ئەيىبلەندى. سوتتا ياسىن «مەن (ئۇرمامسەن) دەپ ئوغلۇم تۇرسۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن، مۇھەممەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ساۋۇت بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بالىلىرىمنىڭ ئۆيدە يوقلىقىنى بىلىپ ئىشپىيونلۇق قىلىپ ساۋۇتقا خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ، دەپ گۇمان قىلىپ ، مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا، مېنمۇ ئۇر، دەپ بارغاندىم. تۇرسۇننىڭ ئۇنى ئۇرۇشىنى ئويلىماپتىمەن» دەپ ئىقرار قىلدى. نەتىجىدە ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا، ياسىننىڭ قىلمىشىغا دائىر دەلىل - ئىسپات تولۇق بولمىغاچقا، ئۇنى جىنايەتسىز، دەپ ھۆكۈم قىلدى. تۇرسۇنغا قەستەن زەخمىلەندۈرۈپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇش جىنايىتى بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

مۇھەممەت بىئەجەل ئۆلمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ بىپايان گۈزەل سەھرانىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئىمەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئاق كۆڭۈل، ساددا، مېھنەتكەش دېھقانىدى. ئەپسۇس، ئۇ بىريۇرتتا تۇغۇلۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدە يوقسۇزلۇقنىڭ قاتتىق زاغرىسىنى

غۇربەتچىلىكنىڭ لاي سۇيىگە بىللە چىلاپ يېگەن دوستى ياسىنىنىڭ ئۇرۇنسىز گۇمانىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. مەن بۇ ئىشلارنى يېزىۋېتىپ، ياسىنىنىڭ تۇرسۇننى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۆتكەپ كېتىش ئالدىدىكى كۆرۈشتۈرۈش ۋاقتىدا قىلغان «تۇرسۇن، خاپا بولماي بارغاچ تۇرۇڭ بالام، سىزنى ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغۇزمايمەن، مەن ئەرز قىلىمەن. تاپقان ـ تەرگىنىمىز بار، ئۇ يەتمىسە ئۆي ـ ۋاقلىرىمنى سېتىپ بولسىمۇ ئەرز قىلىمەن، ئەرزىم ئاقمىسا، مەركەزگىچە بېرىپ سىزنى قايتۇرۇپ كېلىمەن» دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن مۇھەممەتنىڭ سىيماسىدىن قىلچە ئەسەر يوقتەك قىلاتتى. ۋۇجۇدىدا قىلچىلىك پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، تۆۋە قىلىش ئىپادىلىرى كۆرۈنمەيتتى. توۋا، ئۇ نېمە دەپ ئەرز قىلىدىغاندۇ؟ تۇرسۇن مۇھەممەتنى ئۇرمىغان، مۇھەممەت ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەككە ئۇسۇۋالغان دەپ ئەرز قىلامدىكىن؟! ئۇ «مەركەزگە بارىمەن» دەيدۇ. «مەركەزدە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى قويۇۋېتىدىغان قانۇن بار» دەپ ئاڭلىغان بولغىيتتىمۇ؟. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى تۇرسۇنغا نىسبەتەن خۇددى كىچىك بالىغا قۇرۇق ئېمىزگە سالغاندەك بىر ئىش ئىدى، خالاس. مەن بۇ يازمامنى تاماملاش ئالدىدا يەنە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى مەركەزلىك تەكىتلىنىۋاتقان، دۆلەتنى قانۇن ۋە ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ياسىنغا ئوخشاش ساۋاتسىز، قىلچىمۇ قانۇن ئېڭى بولمىغان، كىچىككىنە هوقۇقىقا ئېرىشىپلا خۇددى

پادىشاھلاردەك گىدىيىۋېلىپ، جاپاكەش خەلقنىڭ شىلىلىسىگە مىنىپ، خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغان تومتۇياق، مۇتتەھەم يۇرت زومىگەرلىرىدىن يەنە قانچىلىك باردۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

# ئىپپىتى بۇزۇلغان بوۋاق

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قورۇلۇشى راۋاجلىنىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان، ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، كىشىلىك دۇنيا قارىشى يېڭىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئېتىقاد، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق كۈنسېرى تاكامۇللىشىپ، بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - شەپقەت، ۋاپا - ساداقەت قەلبلەرنى سۆيۈندۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ئىنسانىي غۇرۇرى، پاك ۋىجدانىنى بۇلغاپ، جەمئىيەتنىڭ كۆچلۈك، لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچراۋاتقان ھايۋان سۈپەت ئىنسانلار ھېلىھەم مەۋجۇت. داۋۇت ئەنە شۇنداقلارنىڭ تىپىك مىسالى. ئوتتۇز ياش ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت - سائادەت يارىتىدىغان ئالتۇن دەۋرى. ئەپسۇس، مۇشۇنداق گۈزەل دەۋرگە قەدەم قويغان داۋۇت ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز رەزىل قىلمىشى تۈپەيلىدىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۆچلۈك نەپرىتىگە ئۇچرىدى.

ئون يەتتە ئايلىق بوۋاق نېمىدېگەن سەبىي، نېمىدېگەن ئوماق؟ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، قەلبى ئانا سۈتىدەك ئاق ھەم پاك. يۇمران بەدەنلىرى گويا ماموقتەك يۇمشاق. مانا مۇشۇنداق ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە، تېخى بىر يېرىم ياشقىمۇ

كىرمىگەن، قورسىقى ئاچسا پەقەت «ئىڭگە» لەپ يىغلاشنىلا بىلىدىغان بىر سەبىي بوۋاقنىڭ ئېھتىياجى داۋۇت تەرىپىدىن نابۇت قىلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ تېخى ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمىغان، ئەينەكتەك سۈزۈك قەلبىدە، ئاجايىپ يۇمران بەدىنىدە مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەيدىغان ئۆچمەس جاراھەت ئىزى قالدى. كىچىككىنە ئىنسانىي تۇيغۇغا ئىگە ھەرقانداق ئادەم بۇ ئىشقا ئېچىنماي تۇرالمايدۇ ھەم شۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەقلىق.

2001 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاڭ سەھەر. ئالەم ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا ئاسىيە شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئاستا ئويغىنىپ قوپۇپ، ئەمدىلا ئون يەتتە ئايلىق بولغان ئوماق قىزى پەرىلەتنى ئېرى داۋۇتنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپ، تاھارەت ئالغىلى سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن پەرىلەتنىڭ «چىررىدە» چىرقىراپ ئەنسىز يىغلاپ كەتكەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاسىيە دەرھال «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىدى داۋۇتتىن.

— ھېچ ئىش بولمىدى، سىلە ئىشىڭلىنى قىلىۋېرىڭلا، — دېدى داۋۇت.

پەرىلەتنىڭ يىغىسى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئاسىيە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ھاپىلا - شاپىلا تۈگىتىپ ئۆي ئىچىگە كىردى - دە، چۆچۈپ داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. پەرىلەت ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىغا يۈزىنى يېقىپ، ئىككى تىزىنى كۆكرىكىگە تىرەپ، دۈم يېتىپ بوغۇلۇپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ چات ئارىلىقى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى. داۋۇتنىڭ

يوتىلىرىمۇ قان تۇراتتى. سەبىي قىزنىڭ ئىچىنىشلىق نالىسى بىلەن بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرەك باغرى ئېزىلىپ كېتەتتى. ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان كىچىك جاننىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياشلار تاراملاپ ئاقتى. ئۇ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالغاندى. ئاسىيە ئېسىنى يىغىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە:

ـ نېمە بولدى؟... قولىڭىزنى تىقىۋەتتىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سورىيالىدى داۋۇتتىن.

ـ ياق، يوتامغا چىچىۋەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى داۋۇت. ئەمەلىيەتتىمۇ بوۋاقنىڭ تەرەت يولىدىن تەرەت مېڭىپ كەتكەنىدى.

ئاسىيەنىڭ «قولىڭىزنى تىقىۋەتتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىشىدىمۇ مەلۇم سەۋەب بار ئىدى. ئۇ داۋۇتتىن بۇ سوئالنى سورىغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئالدىدىكى بەزى ئىشلارنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى.

پەزىلەت ئەسلى باشقا بىرسىنىڭ بالىسى بولۇپ، يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئاسىيە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەچكە پەزىلەت ئاسىيەگە قالغاندى.

ئاسىيە 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدا داۋۇت بىلەن توي قىلغانىدى. داۋۇت بىرنەچچە قېتىم پەزىلەتنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى سىلاپ تۇرۇپ «بالامنىڭ بۇ يېرى بەكمۇ سېمىز....» دېگەندە، ئاسىيە « بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپ سورىسا، ئۇ «ئوينىشىپ قويدۇم، مېنىڭ بالام ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋان

بەرگەندى. . .

ئاسىيە ئۆزىنى يىغىدىن تەستە توختىتىپ پەرزەنتىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. ئانا ـ بالا بىردەم كۆز يېشى قىلىشقاندىن كېيىن پەرزەنتىنى كۆتۈرۈپ، سوت مەھكىمىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان قوشنا ئايالنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كۆرسەتتى. پەرزەنتىنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن تېخىچە قان توختىمىغانىدى. بۇ پېشقەدەم كادىر بوۋاقنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلگەن ھالدا «دەرھال ج خ ئىدارىسىغا ئېلىپ بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىڭلار، قالغان ئىشلار شۇ ۋاقىتتا ئۆز يولى بىلەن يۇرۇشىدۇ» دەپ جىددىي مەسلىھەت بەردى. ئۇلار شۇئان پەرزەنتنى ج خ ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى.

ج خ خادىملىرى بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ھەم جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ شۇ كۈنىلا داۋۇتنى تۇتۇپ قانۇن بويىچە توختىتىپ قويدى.

پەرزەنت دوختۇرخانىدا بالىنىتسىغا ئالدۇرۇلدى، دوختۇرلارنىڭ تىكىش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇشى نەتىجىسىدە پەرزەنتنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشى، كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى.

قانۇن دوختۇرى پەرزەنتنىڭ كېسەل تارىخى ئارخىپىغا ئاساسەن ئۇنىڭ زەخمە دەرىجىسىنى باھالاپ چىقتى. باھالاش نەتىجىسىدە «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ جىنسىي ئەزا ئارىلىق قىسمى ئىككىنچى دەرىجىدە يېرىلىپ زەخملىنىپ،

زەخمە ئورنى تولۇق ئەسلىگە كېلەلمىگەن. قىزلىق پەردىسى يىرتىلغان، زەخمىلەنگۈچىنىڭ زەخمىسى ئىككى مەھكىمە، ئىككى مىنىستىرلىقنىڭ ئادەملەرنىڭ ئېغىر زەخمىلىنىش دەرىجىسىنى باھالاش ئۆلچىمىنىڭ 79 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر زەخمە» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

جىنايەت گۇماندارى داۋۇت 2001 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1-كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. ئەمما بارلىق تەكشۈرۈشلەر تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. جىنايەت گۇماندارى داۋۇت تەھقىقلەش، ئەيىبلەش، سوت قىلىش باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدە «پەزىلەت ئانىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق يىغلاپ مېنى تېرىكتۈردى. مەن ئۇنى يوتامغا ئېلىپ جىنسىي ئەزاسىغا سول قولۇمنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى تىقىۋەتتىم» دەپ تۇرىۋالدى. بەلكى بۇ ھىيلىگەر تۈلكە ئاسىيەنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى خاتا ھالدا سورىغان «قولىڭىزنى تىقىۋەتتىڭىزمۇ؟» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىدىن باشتىن - ئاياغ پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. دېلو بېجىرگۈچى خادىملار جىنايەت گۇماندارى داۋۇتقا ئۇزۇن مەزگىل ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. كۆرپىدىكى قان داغلىرى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈلۈپ ئانالىز قىلىنغان بولسىمۇ باشقا يېڭى دەلىل - ئىسپاتقا ئېرىشىش مۇمكىن بولمىدى. ئاخىرى داۋۇتقا زەخمىلەندۈرۈش جىنايىتى بويىچە مۇددەتلىك ئون يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

نۆۋەتتە، جەمئىيىتىمىزدە ئورۇنسىز سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان ياش ئاتا - ئانىلار كۆپىيىپ قالدى.

ئۇلار بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاجرىشىپ، بىرمەزگىل ئۆز بەختىنى تاپقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما، ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانماي تىرىك يېتىم بولۇپ قالغان سەبىي پەرزەنتلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قانداق ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنى ئويلىشىپمۇ باقمايدۇ، ئاتا ـ ئانا ئۇچۇن پەرزەنت بەختىدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك. پەرزەنتنىڭمۇ كەلگۈسىدە نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، كىشىنى مەست قىلغۇدەك شېرىن، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشلىرى بولار ئىدى. پەرزەنت ناۋادا بىچارىلەر ئۆسۈپ، يېتىلىپ كەلگۈسىدە ئەقلىگە تولغاندا، ئۆزىنىڭ ئۆگەي دادىسى تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغان بىر ئاجىزە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە نېمە بولۇپ كېتەر؟ «مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ئاجرىشىپ كەتمىگەن بولسا تولىمۇ كىچىك، سەبىي بوۋاق ۋاقتىمدا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇز نائەھلى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ بۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولماسلىقىم تامامەن مۇمكىن ئىدى...» دەپ ئويلار، بىر ئۆمۈر روھىي ئازاب ئىسكەنجىسىدە ئۆتەر. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس . . .

# تۇن كېچىدىكى قانلىق پاجىئە

## 1

يانۋار ئېيىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان قەھرىتان سوغۇقى ھۇۋلاپ تۇرغان جىمجىت كېچە قوينىدا كۆخلىگە قاباھەتلىك شۇملۇق يوشۇرۇنغان ئىككى كىشى تىمىسقىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال بولۇپ، ئەر قولىغا بىر دانە ئۇزۇن ساپلىق پالتا ئېلىۋالغانىدى. پالتىنىڭ ئۆتكۇر بىسىغا چۈشكەن ئاي شولىسى سوغۇق نۇر تارىتاتتى. پەقەت ئۇلارنىڭ پەم بىلەن قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىلا بۇ تىمتاس كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ تەرىزدە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئىشىكلىرى ئوچۇق تۇرغان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ چىپپىدە توختىدى-دە، ئەتراپقا ئەنسىز قارىۋەتكەندىن كېيىن ئايال ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ئەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئايال ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئېھتىيات بىلەن شامنى ياندۇردى. سۇس پىلىلداپ تۇرغان شام نۇرىدا ئۆي ئىچى غۇۋا يورۇدى. شۇ تاپتا سۇپا ئۇستىدە غەرق ئۇيقۇغا كەتكەن بىر ئەر، ئۆز بېشىدا ئەزرائىلنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرگەنلىكىدىن تامامەن بىخەۋەر ھالدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئايال شامنى ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كەينىدىن ئەگىشىپ كىرگەن ئەرگە قارىدى. ھېلىقى ئەر شۇئان

يۇتىدىكى ساپما كەشنى سىلىۋېتىپ سۇپا ئۈستىگە چىقتى- دە، قولىدىكى ئۆتكۈر پالتىنى ئىگىز كۆتۈرگەن پېتى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ئەرنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تۆتنى چاپتى. كېسىلگەن تومۇرلاردىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قانلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆي ئىچىنى خۇددى قۇشخانىغىلا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇخلاۋاتقان ئەر نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن تىن تارتماي جان ئۈزدى. ئايال شامنى ئۆچۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەنسىز دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى قاماللىغىنىچە بۇ يەردىن تېزلىكتە ئايرىلدى . . .

## 2

باغ جىگدە كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئوبۇلتالىپ 2002 - يىلى 8 - ئايدا قوشنا كەنتلىك قەلبىنۇر بىلەن توي قىلدى. ئۇلار بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن مۇناسىۋىتى دېگەندەك ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. ئوبۇلتالىپ پات - پات يوقىلاڭ باھانە - سەۋەبلەر بىلەن قەلبىنۇرنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ قوياتتى. بولۇپمۇ ئوبۇلتالىپنىڭ جىنسىي تۇرمۇش جەھەتتىكى قوپاللىقى، ئەدەپسىزلىكى، ئورۇنسىز تەلەپلىرى قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلىگە، غۇرۇرىغا، قاتتىق تېگەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، بىر كۈنى ئوبۇلتالىپ كەسكىن

تەلەپپۇزدا :

ــ سىڭلىڭ ماھىنۇرنى ماڭا ئەكېلىپ بەر، ــ دېدى ئايالى قەلبىنۇرغا تىكىلىپ قاراپ، ــ مەن ئۇنىڭ بىلەن . . .

ــ نېمە دەۋاتىسىز؟ ــ دېدى قەلبىنۇر ئوبۇلتالىپقا ئەندىكىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئېرى بار تۇرسا، بۇنداق گەپنى قىلىشتىن نومۇس قىلىسىڭىز بولمامدۇ ؟

ــ ئېرى بولسا نېمە كارىم، ــ دېدى ئوبۇلتالىپ زەردە بىلەن، ــ ئەگەر ئەكېلىپ بەرمىسەڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن .

ئوبۇلتالىپنىڭ ئۆرۈپ دۈمبالىشىدىن قورققان بۇ ئەقىلسىز خوتۇن ئاخىر بېرىپ سىڭلىسى ماھىنۇرنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆيدە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئوبۇلتالىپ:

ــ سەن ئاكامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ سۇ ئېلىپ كىرگىن، ــ دېدى قەلبىنۇرنى ئۆيدىن چىقىرۋېتىشكە باھانە ئىزدەپ. قەلبىنۇر شۇئان سۇ ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. ئوبۇلتالىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ:

ــ مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ چاقىرغىلى چىقمىغۇچە ئۆيگە كىرگۈچى بولما، ــ دېدى ـ دە، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ ئۆيگە كىردى. ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ماھىنۇر ئۆيدە بەخىرامان ئولتۇراتتى. ئوبۇلتالىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ:

ــ مېنى سۆيۈپ قويە، ــ دېدى ماھىنۇرغا قاراپ ھىجىيىپ.

ــ نېمانداق گەپ قىلىسىز؟ ــ دېدى تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن گاڭگىراپلا قالغان ماھىنۇر خىجىللىق ئىچىدە

ئوبۇلتالىپقا جىلمىيىپ قاراپ، ــ سىز دېگەن ئاچامنىڭ ئېرى، ئاكامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم . . .

ماھىنۇرنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگەپ بولغۇچە تاقىتى ـ تاق بولغان ئوبۇلتالىپ ئۇنىڭ بويىنىدىن تۇتۇپلا ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ باردى. ماھىنۇر چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ گېلىدىن ئىتتەردى. ئوبۇلتالىپ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ماھىنۇرنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ سۇپا ئۈستىگە ئېلىپ ياتقۇزۇپلا ئۈستىگە تاشلاندى. ماھىنۇر قانچە تىركەشكەن بولسىمۇ، ئوبۇلتالىپقا كۈچى يەتمىدى.

خورلۇق ئازابىنى بولۇشىغا تارتقان ماھىنۇر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئۆز ئۆيىگە كەتتى. ئۇنىڭ سولغۇن ھالىتىنى كۆرگەن ئېرى ئىسمايىل نېمە ئىش بولغانلىقىنى كوچىلاپ سورىۋىدى، ماھىنۇر بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى ۋە يىرتىلىپ كەتكەن ئىشتىنىنى ئىسمايىلغا كۆرسەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىسمايىلنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. غەزەپتىن مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى. لېكىن ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا يۈردى.

2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە بولغان قىسقىغىنە ئارىلىقتا ئوبۇلتالىپ ئايالى قەلبىنۇر ئۆيدە يوق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ماھىنۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئاچىڭىز قەلبىنۇر ئاغرىپ قالدى، تاماق ئېتىپ بېرىپ كەلسىڭىز» دېگەندەك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى ئالداپ

ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ يەنە ئىككى نۆۋەت باسقۇنچىلىق قىلدى. ماھىنۇر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېرى ئىسمايىل بىلەن ئاچىسى قەلبىنۇرغا يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايىنىتىۋەتتى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ماھىنۇر ئاخىرى كەنت ئامانلىق مۇدىرىنى ئىزدەپ ئۆزىنىڭ ئوبۇلتالىپ تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. كىچىككىنە بىپەرۋالىقمۇ بەزىدە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ھاملىدار ئىكەن. قانۇن تۇرۇم ئېڭى تۆۋەن، بۇرچ تۇيغۇسى تولىمۇ ئاجىز بۇ ئامانلىق مۇدىرى بۇ ئەھۋالنى ج خ ئورۇنلىرىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىدى . . .

3

ئوبۇلتالىپنىڭ ئۇرۇپ خورلىغانلىقى، جىنسىي تۇرمۇش جەھەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك قانۇنىيەتكە، كىشىلىك ئەخلاق مىزانىغا ئۇيغۇن بولمىغان تەلەپ ۋە ھەرىكەتلىرى، بولۇپمۇ سىڭلىسىنى ئاياغ - ئاستى قىلغان قىلمىشلىرى نېرۋىسىنى غىدىقلاپ ئارام بەرمىگەن قەلبىنۇرنىڭ ئۆچمەنلىكى چېكىگە يەتتى. ئۇ ئاخىر ئوبۇلتالىپنى ئۆلتۈرۇۋېتىشتىن ئىبارەت شۇم نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— ئوبۇلتالىپنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دېدى قەلبىنۇر 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىسمايىل، ماھىنۇرلار بىلەن جەم بولغان يەردە. بۇ گەپ نەچچە كۈندىن بېرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ نېمە

قىلارنىنى بىلەلمەي يۈرگەن ئىسمايىلنىڭ كۆڭلىدە پارتىلماي قالغان غەزەپ پىلتىسىگە شۇئان ئوت ياقتى.

— بولىدۇ، — دېدى ئىسمايىل ئىپادە بىلدۈرۈپ.

— ئۇنداق بولسا كېچە سائەت بىردە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ ، — دېدى قەلبىنۇر ئىسمايىلغا قايتا جېكىلەپ.

ئۇلار شۇنداق مەسلىھەتلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. بۇ مەسلىھەت بولغان يەردە ماھىنۇر لام - جىم دېمەي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ئىسمايىل ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن بىر پالتىنى ئەكىرىپ تەييارلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۆيىدىكى ئۈستەل سائىتىنىڭ قوڭغۇرىقىنى دەل بىرگە توغرىلاپ قويۇپ بالدۇرلا يېتىپ قالدى.

4

ئوبۇلتالىپنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ قايتىپ كەلگەن قەلبىنۇر ئۆيگە كەلگەندە ئوبۇلتالىپ ئۆيدە يوق ئىدى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئوبۇلتالىپ پەيدا بولۇپ قەلبىنۇرغا: «مەن قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كىرىمەن، سەن ئۇخلىماي تۇر» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. كېچە سائەت ئون ئىككىلەر بولغاندا ئوبۇلتالىپ ئالدىقانداق ئاھاڭلارنى غىڭشىپ ناخشا توۋلاپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھاراق ئىچىپ كەلگەنىدى.

ئوبۇلتالىپ ئۆيگە كىرىپ بىرنەرسىگە پۇتلاشقاندەك يىقىلىپ چۈشتى. قەلبىنۇر ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە

يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ سۈپىغا ئېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن كەيپلىكتە بېشى گاراڭ بولغان ئوبۇلتالىپ غەرق ئۇيقۇغا كەتتى.

كېچە سائەت بىرمۇ بولۇپ قالغاندى، لېكىن ئىسمايىل تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. تاقىتى ـ تاق بولغان قەلبىنۇر ئاخىر ئۆزى بېرىپ چاقىرىپ كەلمەكچى بولۇپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە، ئۆي ئىشىكلىرىنى ئوچۇق قويغان پېتى تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدە ئىسمايىلنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى . . .

5

دەل بىرگە توغرىلاپ قويۇلغان سائەت قوڭغۇرىقىنىڭ ئەنسىز جىرىڭلىغان ئاۋازى ئىسمايىلنى ئويغاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەسلىھەتلەشكىنى بويىچە ئوبۇلتالىپنىڭ ئۆيىگە بېرىش ـ بارماسلىق توغرىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقاندا، ئىسمايىلنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە «دۈك ـ دۈك» قىلىپ تۆت قېتىم بىر نەرسە چۈشتى. ئۇ قولىغا پالتىنى ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقتى.

ـ نېمانداق بارمايسىز؟ ئىشىكىڭىزنى چەكسەم ئاچمىدىڭىز، ئاخىر ئۆگزىڭىزگە تاش ئاتتىم، ـ دېدى قەلبىنۇر سوغۇقتا دىرىلدەپ تىترەپ تۇرۇپ، ـ ئوبۇلتالىپ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ كەپتىكەن، ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ قالدى، بولىغە ئىتتىك.

قەلبىنۇرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىسمايىل پالتىنى

كۆتۈرگەن پېتى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىز باشتا ئوتتۇرىغا قويغان ئېچىنىشلىق پاجىئە يۈز بەردى.

## 6

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پېشىن مەزگىلى ئىدى. ئۆي ئارىلىقى يېقىن تۇرۇپمۇ ئىككى- ئۈچ كۈندىن بېرى چوڭ ئۆيگە كەلمىگەن ئوبۇلتالىپنى سېغىنغان ئانىسى ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئوبۇلتالىپنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق تۇراتتى. ئۆي ئىچى غۇۋا ئىدى. ئانا ئۆيگە كىرىپ بىرىنىڭ سۇپا ئۈستىدە تامغا قاراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئوبۇلتالىپ» دەپ چاقىردى، ئەمما ياتقان ئادەمدىن سادا چىقمىدى. ئانا سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، ياتقان ئادەمنىڭ يۈزىنى شۇنداق سىيلىۋىدى، قولى مىلىققىدە بىر نەرسىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قولىنى ئىتتىك تارتىپ سىنچىلاپ قاراپ، قولىغا يۇقۇپ قالغان قويۇق قانلارنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى- دە، «ۋايجان، ئادەم بارمۇ؟» دەپ تۇۋلىغىنىچە سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى. بىچارە ئانىنىڭ ئەلەملىك يىغىسىنى ئاڭلىغان كىشىلەر بىردەمدە ئوبۇلتالىپنىڭ ئىشىك ئالدىغا يىغىلىشتى.

دېلو ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىندى. دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكىچىلىرى دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. نەق مەيدان ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. يوتقان - كۆرپىلەر پۈتۈنلەي قان بىلەن بويىلىپ كەتكەنىدى.

رازۋېدكىچىلار ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ يىپ ئۇچى ئىگىلەش ئارقىلىق زور گۇمانىي قەلبىنۇر، ئىسمايىل، ماھنۇرلارغا قاراتتى ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۇلارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى.

ئىسمايىلنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش ئارقىلىق ئىسمايىل نەق مەيدانغا ئېلىپ بارغان پالتا بىلەن يوتىغا كىيىپ بارغان سايما كەش قاتارلىق ماددىي ئىسپاتلار قولغا چۈشۈرۈلدى. پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كىشىلەرنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالغان بۇ قاباھەتلىك دېلو نەچچە سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوڭۇشلۇق پاش قىلىندى.

جىنايەت گۇماندارى قەلبىنۇر، ئىسمايىل، ماھىنۇرلار 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلدى. 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جىنايەت گۇماندارى قەلبىنۇر بىلەن ئىسمايىل ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قەستەن قاتىللىق قىلىش جىنايىتى بويىچە قولغا ئېلىندى . ئۇلار قوللىرىغا مۇزدەك كويزا سېلىنىپ تار كامىرغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ زىددىيەتنى قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ يولىنى بىلمىگەن قانۇن كورلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا توگىمەس پۇشايماندىن ئاچچىق تولغاندى، لېكىن ئۇلار تولىمۇ كېچىككەنىدى . . .

2004 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، دېلو يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۆلگۈچىنىڭمۇ دېلو يۈز بېرىشتە مۇئەييەن

مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، جاۋابكار قەلبىنۇر بىلەن ئىسمايىللارنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن ئايرىم — ئايرىم ھالدا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

X X X

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇقىرىقىغا ئوخشاش كىشىلىك ئەخلاق مىزانىغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قانلىق پاجىئەلەر، ئۆز ئاتىسى ئۆز قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىدىغان، غۇنچىدەك ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان نارەسىدىلەرگە پەسكەشلىك قىلىدىغان، كىچىككىنە مەنپەئەتنى كۆزلەپ قان تۆكىدىغان قاباھەتلىك دېلولار داۋاملىق يۈز بېرىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ. يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن ۋە ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى تارىخىي شارائىتتا بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشى جەمئىيەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭ سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر ساھە، بولۇپمۇ يېزا ئاساسىي قاتلاملاردا كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى ئۇزاققىچە بوشاشماي ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

# قاۋاقخانىدىن قاماقخانىغا سەپەر

2004 - يىلى 13 - يانۋار تۈن كېچە. قىش كېچىسىنىڭ قەھرىتان سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ناھىيە مەركىزىدىن غەربكە قاراپ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغىچە سوزۇلغان ئاسفالت يول كېچە جىمجىتلىقىدا خۇددى غايەت زور بىر قارا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قاتار كەتكەن قېرى سۆگەتلەر ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەندەك سۈكۈت ئىچىدە جىمىسپ تۇراتتى. ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان سۆگەت شاخلىرى شېرىن ئويقۇدىكى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزماقچى بولغاندەك، ئېرەنسىزلىك بىلەن ئۇچقان ئاچچىق شامالدا لەرزان ئىرغاڭلايتتى. سۆگەت شاخلىرىنىڭ بىر - بىرىگە يېنىك ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان شىر - شىر ئاۋاز بۇ تىمتاس كېچىگە تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بېرىپ تۇراتتى. يول چېتىگە جايلاشقان، ئالدى بورا بىلەن توسۇپ قويۇلغان قوشماق قاۋاقخانىنىڭ دېرىزە يوچۇقلىرىدىن غىل - پال كۆرۈنگەن چىراغ يورۇقى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غۇۋا نۇر تارىتاتتى. قاۋاقخانىنىڭ بىرىدىن ئاڭلانغان مەستلەرنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى بىردەم كۆتۈرۈلۈپ، بىردەم پەسىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ يەنە بىر قاۋاقخانىدىن دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇلغان مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

دۇتار چېلىنىۋاتقان بۇ قاۋاقخانىدىكىلەر ناھىيە بازىرىغا يېقىن بىر يېزىدىن كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كەلگەن جاپپار،

خالىق، قادىر قاتارلىق بەشەيلەن ئىدى. ئۇلار تاپقىنىنى شىرە ئۈستىگە تۆكۈپ، ئۆپكە ـ ھېسسىپ، گازىر، خۇاسىڭ مېغىزى دېگەندەك زاكۇسكىلار بىلەن ھاراق ئىچكەچ، دۇتار چېلىشىپ ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىشىۋاتاتتى. جاپپارنىڭ ئەپچىل قوللىرى دۇتارنىڭ ئىنچىكە پەدىلىرى ئۈستىدە يېنىك ھەرىكەتلىنەتتى. مۇزىكا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ چېلىنىۋاتاتتى. مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنىپ ئوقۇلغان ناخشا ئاۋازى قاۋاقخانا ئىچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يىراق ـ يىراقلارغا تارىلاتتى.

بۇ قاۋاقخانىغا ياندىشقان يەنە بىر قاۋاقخانىدا ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق سادىق، تۇرسۇن، سەمەت، قاسىم قاتارلىق ئالتە ـ يەتتەيلەن ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارمۇ تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ، زاكۇنلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇشماقتا ئىدى. بىر چاغدا ياندىكى قاۋاقخانىدىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇڭ پەدىلەر، مۇزىكىنىڭ تىلسىز كۈيلىرى، ئۇلارنىڭمۇ روھىي دۇنياسىغا بۆسۈپ كىرىپ، نېرۋىسىنى غىدىقلاشقا باشلىدى.

— دۇتارنى خېلى ئۇز چالدىكەنغۇ ئۇ بىرنېمە، — دېدى سادىق ياندىكى قاۋاقخانىدا چېلىنىۋاتقان دۇتار ئاۋازى توختىغاندىن كېيىن يېنىدىكىلەرگە، — خېلى پەيزى باركەن-ھە، كاساپەتنىڭ.

— ئۇنداق بولسا دۇتارچىنى مۇشۇ يەرگىلا چاقىرىپ بىر ـ ئىككى پەدە ئاڭلىمايلىمۇ، — دېدى قاسىم ھاياجانلىنىپ، — مەن چىقىپ چاقىرىپ كىرەيچۇ . . .

قاسىم ئولتۇرغان ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ تۇرغىنىچە ئاستا

مېڭىپ ياندىكى قاۋاقخانىغا كىردى. تويۇقسىز كىرگەن بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانىنى كۆرگەن جاپپار، قادىر، خالىقلار ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ قېلىشتى.

— بىزگىمۇ دۇتار چېلىپ بەرگەن بولساڭلار، — دېدى قاسىم ئولتۇرغانلارغا قاراپ، — بىزمۇ بىردەم مۇڭ بولساق.

— دۇتارچى سىرتقا چىقىپ كەتتى، — دېدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى قاسىمغا.

— سىز ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ، — دېدى قاۋاقخانىنىڭ ئايال خوجايىنى قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، — دۇتارچىنى ھېلى مەن ئۆزۈم باشلاپ چىقاي.

قاسىم گەپ - سۆزسىز يېنىپ چىقتى. ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— بىزگە دۇتار چېلىپ بەرمەيدىكەن ئۇ سولامچىلار، — دېدى نارازى بولغان قىياپەتتە، — تېخى ماڭا سېسىق گەپ قىلدى. . .

ھاراقنىڭ كۈچىدىن قېنى قىزىپ نېرۋىسى قوداڭشىغان بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ گەپىنى ئاڭلاپ جۇدۇنى ئۆرلىدى، ئەمما نېمىدەپ «سېسىق گەپ قىلغانلىقى»نى ھېچكىم سورۇشتۇرۇپمۇ قويمىدى. شۇ چاغدا بايىقى قاۋاقخانىنىڭ خوجايىنى بىر دۇتارنى كۆتۈرگىنىچە جاپپارنى باشلاپ ئۇلارنىڭ سورۇنىغا كىرىپ كەلدى. بۇلارنى كۆرگەن سادىق ئورنىدىن چاچراپ تۇردى- دە:

— بۇ سولتەك دۇتارنى چېلىپ بەرمىسە، مۇشت چالدۇرىدۇ، مۇشت... ، — دېگىنىچە جاپپارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان جاپپار ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن

ئېتىلىپ چىققان قان جاۋغىيىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى. قاتتىق خورلۇق ئازابى تارتقان جاپپار مەيۈس ھالدا ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقتى. جاپپارنىڭ قانغا بويالغان ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى كۆرگەن ئاغىنىلىرىنىڭ غەزىپى تاشتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سىرتقا چىقىشقا تەمشەلدى. بۇ ۋاقىتتا ياندىكى قاۋاقخانىدىكىلەرمۇ بىر - بىرلەپ سىرتقا چىقىشقا باشلىغانىدى.

— دۇتارچى ئاغىنىمىزنى سىلەر ئۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى قادىر ئىشىكتىن چىقىپلا بىرەيلەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۇنى نېمىشقا ئۇرۇسىلەر؟

— سەن نېمە دەيسەن؟ — ياندىكى قاۋاقخانىدىن ئەمدىلا چىققان قاسىم دېۋەيلەپ كەلگىنىچە قادىرنى تارتىپ، قاۋاقخانا ئالدىنى توسۇپ قويغان بورىغا يۆلەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. خالىق ئاغىنىسى قادىرنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا تەمشىلىۋىدى، قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرىدىن سادىق، تۇرسۇن، سەمەتلەر يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. كەيپىچىلىكتە ئاچچىقنى باسالمىغان خالىق يېنىدىن پىچىقنى سۇغۇرۇپلا سادىقنىڭ سول كۆكسىگە زەرب بىلەن بىرنى تىقتى. پىچاق زەربىسىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان سادىق مەيدىسىنى ئالىقانلىرى بىلەن چىڭ بېسىپ:

— ۋايجان! ماڭا پىچاق تىقتى، — دېگىنىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئاسفالت يولغا يىقىلدى. ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان قوللىرىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى.

خالىق ئۇنىڭغىچە يەنە تۇرسۇن بىلەن سەمەتكىمۇ پىچاق

تىقىپ ئۆلگۈرگەندى. تۇرسۇننىڭ ئۇچەيلىرى ساڭگىلاپ قالدى. ئۇمۇ قورسىقىنى تۇتۇپ ئىڭرىغىنىچە تام تۈۋىگە بېرىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن قاۋاقخانا تۇيۇقسىز ئۆرە - تۆپە بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قاۋاقخانا ئالدى گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك قان تۆكۈلگەن جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالدى. قان ئىچىدە ياتقان سادىقنى ئاغىنىلىرى يۆلەشتۇرۇپ موتىسكلىت بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كەلدى. ئەپسۇس، سادىق يول ئۈستىدىلا جان ئۈزگەندى. ئۇ جان ئۈزگەندە ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەندى.

تۇرسۇن بىلەن سەمەتمۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. دوختۇرلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىندى.

دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ج خ ئىدارىسى دەرھال دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەشنى باشلىۋەتتى. قانۇن دوختۇرى ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق: «ئۆلگۈچى بىسلىق قورال بىلەن زەخىملەندۈرۈلۈپ، سول كۆكرەك قىسمىدىكى زەخمە كۆكرەك بوشلۇقىغا ئۆتۈپ، سول يۈرەك قېرىنچىسىنى يىرتىۋەتكەنلىكتىن قان يوقىتىش خاراكتېرلىك شوك بولۇپ ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقاردى.

جىنايەت گۇماندارى خالىق 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ، 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قولغا ئېلىندى.

# ئۈجمە كۆچۈلىنىڭ كاساپىتى

2000 - يىلى 21 - مارت تاڭ سەھەر، قۇربان ھېيتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئايەم خۇشاللىقى ئاتا قىلغان شادلىق جىلۋىلىرى چېھرىدىن ئۈچمىگەن ھالدا شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق خۇشاللىققا تولغان شادىيانە ئۇلۇغ كۈندە مەلۇم يېزا تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇرسۇنمۇھەممەت ئۆزىنىڭ نىجىس قولىنى، ئۆز ئۆيىنى ئەمدىلا يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن ئەسەتنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بوياپ، ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىنى مەڭگۈلۈك ئاخىرلاشتۇرۇپ قاباھەتلىك دېلو پەيدا قىلدى . . .

تورسۇنمۇھەمەت ئۈچ يىل ئىلگىرى تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان ئېرى بار ئايال ھەنىپە بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ باردى - كەلدىسى قويۇقلىشىپ داۋاملىق غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرۈشتى. بىراق، ھەنىپە يا ئېرىدىن ئاجراشمىدى، يا تۇرسۇنمۇھەممەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى.

ئۇ پات - پات پەيت تېپىپ تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كۆڭۈل ۋەسۋەسىسى پەيدا قىلغان ئېچىرقىغان نەپسىنى قاندۇرۇپ تۇردى. 2000 - يىلى 20 - مارت كەچتە ھەنىپە ئۆز تونۇشلىرىدىن ئەسەت، تاھىر قاتارلىق ئىككى ئەرنى باشلاپ تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولغىلى كەلدى. ئۇلار

قانغۇچە ئولتۇرۇشماقچى بولۇشۇپ، تۇرسۇنمۇھەممەت ھاراق سېتىۋېلىپ كەلدى. تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ ئاغىنىسى قۇربان ئۆز ئۆيىدىن ئۇنئالغۇسىنى ئېلىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنئالغۇ ئاڭلاش، ئۇسسۇل ئويناش، كۆلكە چاقچاقلار بىلەن سورۇن قىززىپ كەتتى. ھاراق رومكىلىرىمۇ توختىماي ئايلىنىپ تۇردى. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

ئاجايىپ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارغا تويۇنغان، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى ھاراقنى ئاغزىغا ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى كۆرسىمۇ سەسكىنەتتى، ئىچكەنلەرنى كۆرسە يىرگىنەتتى، ئەمما ھەنىپە بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئىچىۋەردى. بىر چاغدا تۇرسۇنمۇھەممەت ئۇنىڭغا ھاراق تەڭلىدى. ئۇ غىلجىڭلاپ رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئەسەتكە قاراپ نازلانغاندەك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئىچەمدىمەن؟

— ھاراقنى مەن بەرسەم، نېمىشقا ئۇنىڭدىن سوراپ ئېچىسەن؟ — دېدى تۇرسۇنمۇھەممەت نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ھەنىپە ئۇنلۈك قىلىپ:

— ئاڭلاپ قويۇڭلا، بۈگۈندىن باشلاپ سادىق مېنىڭ ئېرىم ئەمەس (ئۆز ئېرىنى دېمەكچى)، سەنمۇ مېنىڭ ئېرىم ئەمەس، مېنىڭ ئېرىم ئەسەت، — دېدى بۇنى ئاڭلىغان تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ كۆڭلىنى ھەسەت ئوتى قاپلىدى. ئۇ شۇئان ھەنىپەنى سىرتقا چاقىرىپ ئۇنىڭ كاسىسىغا ئىككىنى

تىپىۋەتتى:

— مەن سەن بىلەن تويى قىلمەن دەپ ئارىلىشىپ يۈرسەم، نېمىشقا ماڭا ئىزا قىلسەن؟ — دېدى ھەنىپەنىڭ كۆزلىرىگە قولىنى چىنەپ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ تولىمۇ ئىچى تارلىق قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ھەنىپە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مەن ئەسەتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى. توۋا، ئادەم دېگەن كۆرۈنگەنلا گۈلگە قونۇۋالىدىغان كېپىنەك ئەمەس، لېكىن كىمنى كۆرسە ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان ھەنىپەنىڭ كۆڭلى قانداق كۆڭۈل ئىدىكىن؟ ئۇ يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى ئەسەت بىلەنمۇ ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىشىۋاتاتتى.

ھەنىپەنىڭ ئەسەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان تۇرسۇنمۇھەممەت ئۆزىچە غەزەپلىنىپ، پەيتى كەلگەندە ئەسەتنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولدى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا پاراڭ سېلىشىش، ئۇنىئالغۇ ئاڭلاش، ئۇسسۇل ئويناش، ھاراق ئىچىشىشلەر بىر خىل رىتىمدا داۋاملاشماقتا ئىدى.

بوتۇلكىلارنىڭ ئالدىرىماي بوشىتىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغاتقۇچى سېھرىلىك تاڭمۇ كۆلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

ھاراقمۇ تۈگىدى. ئۇيقۇسىزلىق ۋە كەيپتىن كۆزلىرى قىزىرىپ ئىچىشقان تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ دوستى قۇربان ئۇنىئالغۇسىنى كۆتۈرۈپ قايتماقچى بولۇپ ماڭدى.

تۇرسۇنمۇھەممەت ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ چىقىپ كەتتى.

ھەنپە ئۆيدىكى كۆرپە ـ ياستۇقلارنى ئېلىپ ئورۇن سالدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كىيىملىرى بىلەن يېتىشتى. تۇرسۇنمۇھەممەت قايتىپ كېلىپ، ئەسەتنىڭ بېشىنى ھەنپەنىڭ بىلىكى ئۈستىدە قويۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئەسەبىيلەشتى، ئۇ شۇ ئۆيدە ئوتتۇن يېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان بىر دانە چوڭ تۇۋەزۈننى قولىغا ئېلىپ تۇۋەزۈننىڭ چۈلتا تەرىپى بىلەن ئۇز كۆڭلىگە يوشۇرغان ئاجايىپ شۇملۇقنىڭ ۋەھشىي كۆلەڭگىسىدىن تامامەن بىخەۋەر ئەسەتنىڭ سول چېكە، سول قۇلاق قىسمىغا زەرب بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچنى سېلىۋەتتى. فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان قانلار ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى قىپقىزىل بوياۋەتتى. تاھىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ «بۇ نېمە قىلغىنىڭ» دېگىنىچە ئەسەتنى يۆلەپ قۇچىقىدا ياتقۇزدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ قىسمەتتىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان ئەسەت ھوشسىز ياتاتتى، ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ قۇلاق، بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن قان توختىماي سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

ـ تۇرسۇنمۇھەممەت ، ماشىنا تېپىپ كېلىڭلار، بۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، دېدى تاھىر جىددىيلىشىپ.

ـ ماقۇل، مەن ماشىنا تېپىپ كېلەي، ـ دېدى تۇرسۇنمۇھەممەت ۋە سىرتقا چىقىپ ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىۋېتىپ ئاغىنىسى قۇربانىنى تېپىپ «ئاداش ئىشتىن چاتاق

چىقتى، ئاخشام سىلە مېنى كۆرمىدىڭلار، مەنمۇ سىلىنى كۆرمىدىم» دەپ قويۇپ سىرتتا لاغايلاپ يۈردى.

تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ ماشىنا ئېلىپ كەلمىگىنىدىن تىت - تىت بولغان تاھىر ئۆزى بىرىپ ماشىنا تېپىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىپ ئىشىكنى تارتىۋىدى، ئېچىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆينىڭ ھاۋادېنىنى يۇمۇرۇپ ئاجرىتىپ سىرتقا چىقىپ يېزا مەركىزىدىن بىر دانە «شىيالى» ماركىلىق ماشىنىنى كىرا قىلىپ ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا تۇرسۇنمۇھەممەتمۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئەسەتنى ماشىنىغا سېلىپ تاھىر بىلەن ھەنىپە بىرگە ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا قاراپ ئۈچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. تۇرسۇنمۇھەممەت ئۆيدە قالدى.

ئەسەتنى دوختۇرلار جىددىي تەكشۈردى. ئۇ ئاللىقاچان جان ئۈزۈپ بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاھىر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا دېلو مەلۇم قىلدى.

تۇرسۇنمۇھەممەت ئۆيدە قالغاندىن كېيىن جىنايەت ئىزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن سۇپا ئۈستىنى كولاپ قانلىق تۇۋەزۇننى كۆمدى. يەردىكى قانلارنى تازىلىۋەتتى. قانغا مىلەنگەن يوتقان - كۆرپىلەرنى سۇرتۇپ يۇيۇۋېتىپ، يېزا مەركىزىگە بېرىپ ئەسەتنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ قېچىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈۋاتقاندا ج خ ساقچىلىرىمىز تەرىپىدىن تۇتۇلدى. 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جىنايەت گۇماندارى تۇرسۇنمۇھەممەت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قەستەن قاتىللىق قىلىش جىنايىتى بويىچە قولغا ئېلىندى.

بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئەسەتنىڭ بىھۇدە ئۆلۈمىگە ئەلۋەتتە ئېچىنىدۇ. تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ ۋەھشىي قىلمىشى ۋە ھەنىپەنىڭ ئۇژمە كۆڭۈللۈكىگە غەزەپلەنمەي تۇرالمايدۇ، شۇ تاپتا مېنىڭمۇ مىللەتنىڭ پەخرى، يىمىرىلمەس ئۇلى، سۆيۈملۈك ئانىسى بولغان مىللىتىم خوتۇن - قىزلىرى ئىچىدىكى ھەنىپەگە ئوخشاش ۋىجدانسىز، ئالىكۆڭۈللەرگە كۆپتىن - كۆپ ئىنساب تىلىگۈم كېلىۋاتىدۇ.

# كۆجۇم مەھەللىدىكى نومۇسسىزلىق

ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزىنىڭ گۈزەل، ئىللىق قوينىدا سانسىزلىغان ئاق كۆڭۈل، مېھنەتكەش دېھقانلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان بۇ كىچىككىنە مەھەللىدە يۈز بەرگەن، بۇ يەردە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان نومۇسسىزلىقنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئاغزىنى تۇتۇپ «تۇۋۋا» دېگىنىچە ھەيرانۇ ـ ھەس قېلىشتى. ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ مەھەللىدىكى بىر نەچچە كىشىنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانىي ئەخلاقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ قىلغان، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى ئىدى . . .

## تۇگمەندىكى سۆھبەت

نامراتلىق دەستىدىن تۇرمۇشىنىڭ راھىتىنى كۆرمەي ۋاقىتسىز قېرىپ كەتكەن پاتەمخان بۈگۈن سەھەردىلا ئىككى خالتىغا بۇغداي، قوناق قاچىلاپ ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ ئۈچ ياشلىق ئۆگەي قىزى ساجىدەنى بىرگە ئېلىپ تۈگمەنگە باردى. قۇياش غەربكە قىيسىياي دېگەن بولسىمۇ، ئۇن تارتقىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارغا نۆۋەت تېگىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەتىگەن ناشتىسىز يولغا چىققان پاتەمخاننىڭ قورسىقى ئېچىپ مەيدىسى ئېچىشىشقا باشلىدى ـ دە،

ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدىن مونچاقتەك ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشتى.

— ئانا، نېمىشقا يىغلىدىڭىز ؟ — دېدى ساجىدە ھەيران بولۇپ.

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، نان ئېلىپ يەيلى دېسەك تۈگمەنچىگە بەرگىلى پۇل قالمايدۇ، — دېدى پاتەمخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ساجىدەگە جىلمىيىپ قاراپ.

بۇنى ئاڭلىغان ساجىدە بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ تۈگمەندىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇلدىكى دوقمۇشقا بېرىپ يانچۇقىدىن بەش يۈەن پۇلنى ئېلىپ ئىككى گۆشگىردە بىلەن بىر يۈەنلىك كىرىس ـ كىرىس سېتىۋېلىپ قايتىپ كەلدى.

— ئانا، مانا ماۋۇ ناننى يەڭ،— دېدى ساجىدە قولىدىكى گۆشگىردىنى پاتەمخانغا تەڭلەپ.

پاتەمخان تەئەججۈپ ئىچىدە ساجىدەگە بىرھازا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىرخىل ھەيرانلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— سەن بۇنى قايسى پۇلغا ئالدىڭ؟ — پاتەمخاننىڭ ئەتىسىز قوللىرى تىترەپ كەتتى .

— تۈنۈگۈن دادامنىڭ پۇل ساقلايدىغان يېرىدىن ئېلىۋالغان، — دېدى ساجىدە تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

پاتەمخان ئېرىنىڭ تەرسا مىجەزىنى بىلگەچكە، بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا چاتاق چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ گۆشگىردىنى يېگۈسى كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاچلىق تەشنالىقى ئۇنى

يېپىشكە مەجبۇر قىلماقتا ئىدى.

— ئالە، بىردىن يەيلى، — دېدى پاتەمخان ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان تۈكۈرۈكنى غورتىتىدە يۇتقىنىچە بىر گۆشگىردىنى قولىغا ئېلىپ.

— بالام، سەن راست گەپ قىلغىن، داداڭ پۇلنى سەن ئالالايدىغان يەردە قوياتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى پاتەمخان نانىنى يېگەچ .

— راست، مەن بۇ پۇلنى دادامنىڭ پۇل ساقلايدىغان يېرىدىن ئېلىۋالغان.

— ئىشەنمەيمەن، بالام، سەن ماڭا يالغان ئېيتما، داداڭ بىلىپ قالسا ئىش چاتاق، راست گېپىڭنى دېگىنە.

— راست گەپنى دېسەم، تۈنۈگۈن قوشنىمىز سايىپ ئاخۇن مېنى خوتۇن قىلىپ بەش كوي بەرگەن.

— نېمە ؟ ئېيتە، نەدە، قانداق خوتۇن قىلدى؟

پاتەمخاننىڭ غەيرىي تۇسكە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ساجىدە قورقۇش ئىچىدە تىرنىقىنى كوچىلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. . .

تونۇر تەپتى يېلىنجاپ تۇرغان ئىيۇن ئېيىنىڭ 11 - كۈنى ئىدى. چۈش مەزگىلىدىكى تىنجىق ھاۋا كىشىگە بىرخىل بىئاراملىق تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۆيدە جىمجىت ئولتۇرۇپ زېرىككەن ساجىدە سالقىنداپ كىرىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغقا چىقتى. ئۇ ئەمدىلا سۇزۇلۇشكە باشلىغان غورىدىن بىرنەچچىنى يۇتاپ يەپ، ئۆزىچىلا يۇرچاق تەرگۈسى كېلىپ باغ كەينىدىكى يۇرچاق ئېتىزلىقىغا چىقىپ، تازا

تولغـان پـۇرچاقلارنى زوق بىلـەن ئۇزۇشـكە باشـلىدى. ئـۇنىڭ چاقـقـان - چاقـقـان ھەرىكەتلىرىـدىن بىرخىـل خۇشـاللىق ئىپادىلىرى چىقىپ تـۇراتتى. ئـەتراپ جىمجىت بولـۇپ، بىرمۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئارىـدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەنـدى. بىر چاغدا ساجىدەنىڭ قوشنىسى سايىت ئاخۇن بوغدايلىرىنى چۆرگىلىگىلى ئېتىزلىققا چىقتـى. ئـۇنىڭ بـاغ كەينىـدە پـۇرچاق تىرىۋاتقـان ساجىدەگـە تىكىلگەن نۇرسىز كۆزلىرى باشقىچە پارقىراپ كەتتى. تىللىرى ئىختىيارسىـز لىكىلـداپ، شۆلگـەيلىرى ئېقىشقا باشـلىدى. شـۇ تاپتـا ئـۇنىڭ قېرىلىق يەتكـەن ئەتسىـز بـەدىنى بىرخىـل ياۋايى كۈچنىـڭ تەسىـرىدە يېنىـك تىتـرەپ كونـا «كېسـىلى» يەنـە قوزغىلىشـقا باشـلىغانىدى. «ھاڭگـى ئېشـەك قېرىغانـدا ھاڭرىغـاق بولـۇپ قالـدۇ» دېگـەندەك، ئايـالى بـۇرۇنلا ئـۆلۈپ كېتىپ سەكسەن ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قېرى بويتاقنىڭ ئايـاللار ۋە قىزلارنـى كۆرگـەندە قىلىـدىغان غەلىتـە، پەسكەش قىلىقلىـرى ئادەمنـىڭ ئەقلىگـە پەقـەت سىغمايتتى. ئـۇ ئۆيىگـە بىرەر ئىش بىلەن كىرىپ قالغان قولۇم - قوشنىلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا ھېيىقماستىن چاقچاق قىلاتتى. چوڭراق ئايال بولۇپ قالسـا «بىـرقېتىم ئوينىمامـدۇق؟» دېسـە، كىچىـك قىزلارغـا «بىرنـى سۆيۈپ قـويغىن» دەپ بىزەڭلىـك قىلاتتـى. شـۇڭا بـۇ يەردىكى خوتۇن - قىزلار ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقىشتىن بەك ئەيمىنەتتى.

— بىز ئـەر - خوتـۇن بولـۇپ ئويناپلىمۇ ؟ — بـۇ تۇيۇقسىـز ئاۋازدىن چۆچۈگەن ساجىدە بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى. ئۇنىڭ

ئالدىدا سايىت ئاخۇن بىزەكلىك بىلەن ھەجىيىپ تۇراتتى.

ــ ياق، مەن خوتۇن بولغىلى تېخى كىچىك، ــ دېدى ساجىدە باللارغا خاس ساددىلىق بىلەن ۋىلىلدە قىزارغىنىچە.

ــ كىچىك بولساڭمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، مەن ساڭا جىق پۇل بېرىمەن، ــ دېدى سايىت ئاخۇن يانچۇقىدىن بەش يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ، ــ ماقۇل دېسەڭ ساڭا تېخى بازاردىن جىق كىيىم ئېلىپ بېرىمەن.

كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ قولىدىن بەش موچەنى ئېلىپ بەھۇزۇر خەجلەپ باقمىغان، تۈزۈككىنە بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيىپ باقمىغان بۇ سەبىي قىز سايىت ئاخۇننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دېلىغۇل بولۇپ جىم تۇرۇپ قالدى. پۇرسەت كەلگەنلىكىنى پەملىگەن سايىت ئاخۇن ساجىدەنىڭ بۇدرۇق قوللىرىدىن تۇتۇپ ئاستا مېڭىپ ئۆزىنىڭ ئىتىزلىقىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئۈجمىلىك ئارىسىغا ئېلىپ بېرىپ چوڭ بىر قاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ئۇنىڭغا يېپىشتى. ئەمما، ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھايۋانىي نەپسى شۇنچىلىك قوزغىلىپ خېلى كۆچەپ باققان بولسىمۇ، قېرىلىقتىكى فىزىئولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ھېلىقى نېمىسى پەقەت كارغا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ تاقىتى ـ تاق بولۇپ بىلىنى رۇسلىدى ـ دە، ئېچىرقاپ كەتكەن نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قولى بىلەن جىنسىي ئەزاسىنى تۇتۇپ ساجىدەنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىگە سۈركەشكە باشلىدى. ئۇ خېلى جاپا چەكتى. ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىدى، ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقان قېرى

كالىدەك پۇشۇلدىدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇنىڭغا ھوزۇر بولدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ ئۆزىگە نېسىپ بولماي كېلىۋاتقان بۇ ھوزۇردىن شادلاندىمۇ - تاڭ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ، نۇرلىرى ئۆچەي دەپ قالغان خۇنۇك كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر يۇمۇلۇپ كەتتى. ئۇ ساجىدەگە ھېلىقى بەش يۈەننى بەردى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتىنىنى كۆتۈرگىنىچە كېتىپ قالدى . . .

پاتەمخان ساجىدەنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بىرھازاغىچە جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئۇگۇتنى تارتىپ تۈگمەندىن قايتتى.

## دېلو ئىچىدىن دېلو چىقتى، بۇھال كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى

پاتەمخان تۈگمەندىن كېلىپ ساجىدەنىڭ ئېيتقانلىرىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئېرى مامۇتقا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. مامۇتنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، ساجىدەنى ئېلىپ كەنت ئامانلىق مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئامانلىق مۇدىرى مەسىلىنىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تۇن نىسپى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، سايىت ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. سايىت ئاخۇن تونۇگۇن قىلغان «چوك» ئىشىدىن ھوزۇرلىنىپ بەخت بۆشۈكىدە شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، بىر ھازادىن

كېيىن جىنچىراغنى ياندۇرۇپ چاپىنىنى يېپىنچاقلىغىنىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— تۈنۈگۈن نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ — سورىدى ئامانلىق مۇدىرى سايىت ئاخۇندىن.

— تۇ... تۈنۈگۈن ھېچ ئىش قىلمىدىم.

— ساجىدەنى نېمە قىلدىڭىز؟

— مە...مەن ئۇنى ھېچنېمە قىلمىدىم، مەن قېرىغان ئادەم، بىرنېمە قىلالمايدىكەنمەن، ئۇ ساق، شۇ ... شۇنداقلا ...

سايىت ئاخۇن تولىمۇ دۇدۇقلايتتى. ئامانلىق مۇدىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساجىدەدىن بىرنەچچە ئېغىز گەپ سورىدى، لېكىن ئۇ تىرىنقىنى كوچىلاپ يىغلاپ تۇرۇپ ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمىدى. ئامانلىق مۇدىرى ئاخىرى پاتەمخانغا سوراشقا تېگىشلىك بەزى نۇقتىلارنى دەپ بەردى. پاتەمخان ساجىدەدىن ئاستا گەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇ «ھېلىقىدەك ئىش بولغاندا ئاغرىدىمۇ ؟» دەپ سورىغان چېغى، ساجىدە تۇيۇقسىزلا «سايىت ئاخۇن خوتۇن قىلغاندا ئاغرىمىدى، ئاچامنىڭ ئېرى توختى خوتۇن قىلغاندا ئاغرىغان» دەۋەتتى. ئامانلىق مۇدىرى ھەيرانلىق ئىچىدە دەرھال توختىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى سورىدى. توختى ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمىدى. ئامانلىق مۇدىرى قايتا - قايتا تەربىيە بەرگەندىن كېيىن ئۇ: «ساجىدە ئاچىسى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە قونغىلى كەپتىكەن، تەڭ كېچە بولغاندا ئۈستىگە شۇنداق چىقىۋىدىم، ئويغىنىپ كەتتى، ئورنۇمغا بېرىپ ياتتىم» دەپ تۇرۇۋالدى. ئامانلىق مۇدىرى بۇ دېلونىڭ

ناھايىتى مۇرەككەپ جەريانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى- دە، دەرھال يېزىلىق ساقچىخانىغا مەلۇم قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە يېزىلىق ساقچىخانا ۋە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىكى رازۋېدكىچى خادىملار بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئەتراپلىق تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. توختى سوراق جەريانىدا ساجىدەنىڭ نومۇسىغا ئۈچ قېتىم تەگكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. توختىنىڭ ئايالى رەيھانگۈلمۇ، مەن سىڭلىم ساجىدەنى بىرنەچچە قېتىم ئۆيگە قونۇشۇپ بەرگىلى ئېلىپ كېلىپ يېتىپ قالغانىدىم، بىر كېچىسى سىڭلىم ساجىدە «ئاچا، ماۋۇ ئېرىڭنى چاقىرغىن، مېنى بوزەك قىلدى» دېدى، مەن دەرھال چىراغنىياندۇرۇپ قارىسام، توختى ساجىدەنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، مەن «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۇنى بۇزۇۋەتسەڭ مەن قانداق قىلىمەن؟» دېسەم، توختى «بۇزمىدىم» دېدى، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ساجىدە بولسا، ئاچام مېنى ھەمىشە قونۇشۇپ بەرگىن دەپ ئۆيگە ئېلىپ باردى، ئۇخلاپ قالغان چېغىمدا ئېرى مېنى ئۈچ قېتىم خوتۇن قىلدى، مەن ئاچامنى ئويغىتىپ، ئېرىڭ ئادەمنى بوزەك قىلىدىكەن دېسەم ، ئاچام، توختى سېنىڭ ئاكاڭ تۇرسا، ئۇنداق قىلمايدۇ، جىم ياتقىن، دەپ ئۇخلىۋالدى، دېدى .

شۇنىڭ بىلەن سايىت ئاخۇن، توختى، رەيھانگۈللەر جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سايىت ئاخۇن بىلەن توختى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

ئەمدىكى گەپ رەيھانگۈلنىڭ مەسىلىسىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىشتا ئىدى. بۇنىڭدا رەيھانگۈلنىڭ سىڭلىسى ساجىدەنى

توختىغا قەستەن سولاپ بەرگەنمۇ يوق؟ دېگەن مەسىلىنى ئىسپاتلاش زۆرۈر ئىدى. رازۋېدكىچى خادىملار رەيھانگۈلگە قايتا - قايتا تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ پەقەت ئېرىم توختىنىڭ بىر قېتىم شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ توستۇم، مەن باشقىسىنى بىلمەيمەن، دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى. سوراق جەريانىدا رەيھانگۈل تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە ئىدى، توختىماي يىغلايتتى. ئۇنىڭ پسىخىك دۇنياسى تولىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن رازۋېدكىچىلار ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى:

— سەندە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟ سەن ئاشۇ سەبىي سىڭلىڭنى شۇنداق ئاياغ - ئاستى قىلىشقا سەۋەبچى بولۇپ، ساڭا ئاق سۈت بەرگەن ئاناڭغا، بېقىپ چوڭ قىلغان داداڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟ خەلقئالەمگە يۈز كېلەلەمسەن؟

رەيھانگۈلنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى داۋالغۇش دەھشەتلىك پارتلاپ ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنىمۇ سەزمەيلا قالدى :

— مېنىڭ ئانام يوق، ئۆلۈپ كەتكەن.

— داداڭ بارغۇ، ئۇنىڭغا قانداق يۈز كېلەلەيسەن ؟

— مېنىڭ دادام يوق، ئۇ مېنىڭ دادام ئەمەس، ئۇ دېگەن ھايۋان مەن ھايۋاننى قانداق دادام دەيمەن، ئۇ مېنىڭ ياشلىقىمنى نابۇت قىلغان ئالۋاستى، ئۇ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلغان، مېنىڭ ئۇنى «دادا» دېيىشكە قانداقمۇ تىلىم بارسۇن؟!

رەيھانگۈل پۈتۈن دەرد - ئەلىمىنى ئاشۇ كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ

يىغلايتتى. كۆز چاناقلىرىغا پاتماي ئېقىۋاتقان ئازابلىق ياشلار ئۇنىڭ يۈزىنى پۈتۈنلەي ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. رازۋېدكىچىلار ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىپ ئۇنى يىغلىماسلىققا ئۈندەپ، بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى سوراشقا باشلىدى. رەيھانگۈل ئۆزىنى يىغىدىن ناھايىتى تەستە توختىتىپ ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى .

## كۈلپەتلىك كۈنلەر

نامراتلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ كىچىككىنە ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا - ئانا مېھرىگە قېنىپ گۈلدەك ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان رەيھانگۈلنىڭ سەبىي كۆڭلىدىمۇ نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرى بار ئىدى. ئۇ ياخشى ئوقۇپ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشنى ئويلايتتى. ئەپسۇس، رەھىمسىز رېئاللىق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە باقمايدىكەن. ئائىلىنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقى ۋە مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئېغىر ئاياللار كېسىلى بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشى سەۋەبلىك ئۇ مەكتەپتىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدى. ئۇكىلىرىغا ئاش - تاماق ئېتىش، مال بېقىش، زىرائەتلەرنى ئوتاش، ئانىسىنىڭ تەرىتىگە قاچا تۇتۇش ۋە ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە قالغان بولسىمۇ، ئۇ قىلچە ۋايسىماي ھەممە ئىشنى جايىدا قىلاتتى. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆز دادىسى مامۇتنىڭ ئۇنىڭغا غەلىتە،

سىرلىق قاراشلىرى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى.

ماموت قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى قاۋۇل، قارام، تەرسا مىجەز ئادەم بولۇپ، باللىرى ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى. ئۇ ئايالى ئېغىر ئاياللار كېسىلى بولۇپ يېتىپ قېلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالمىغانلىقىدىن بەكمۇ بىئارام بولۇپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئانىسىغا تاماق يېگۈزۈپ ئولتۇرغان رەيھانگۈلنىڭ ئاپئاق چىرايى، تال ـ تال كىرپىكلىرى ئارىسىدا بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان قاپ ـ قارا كۆزلىرى، ئالمىدەك چوقچىيىپ چىقىشقا باشلىغان بىر جۈپ يۇمران كۆكسىگە قاراپ ئۇنىڭ ئىچىرقىغان ياۋۇز يۈرىكى باشقىچە ئويناپ كەتتى ـ دە، كىرپە تىكىنىدەك ئۆسكەن يىرىك ساقىلىنى سىلىغىنىچە لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. دادىسىنىڭ بۇ خىل هالەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان رەيھانگۈلنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ شۇئان كۆزىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالدى، لېكىن بىرەك ماموت يەنىلا شۇنداق قاراپ تۇراتتى. رەيھانگۈل قولىدىكى تاماق قاچىسىنى ئاستا يەرگە قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان شۇملۇقنىڭ ياۋۇز كۆلەڭگىسىدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى.

تۈن كېچە، ئەتراپ جىمجىت، پەقەت ئۆيدىكى كىچىك باللارنىڭ پۇشۇلداپ ئۇخلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

رەيھانگۈل كېچىدە ئانىسىنىڭ قېشىدىن نېرى بارمايتتى. ئۇ ئانىسىغا تاماق يېگۈزۈپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئانىسى ئۇخلىغاندىلا ئاندىن ئانىسىنىڭ يېنىدىلا ئۇخلايتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە هەممە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ شىرىن

ئۆيقۇغا كەتكەندى... بىر چاغدا ئىنتايىن يېرىك ھەم سوغۇق بىر قول رەيھانگۈلنىڭ بىرخىل رىتىمدا بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيىپ تۇرغان يۇمران كۆكسىگە مۆزدەك تەگدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئىككى ياققا قايرىپ يوغان بىر گەۋدە ئۇنىڭ ماموقتەك يۇمران تېنى ئۈستىگە يېپىشتى. بۇ ياۋۇز قول ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ماموتنىڭ قولى، بۇ يوغان گەۋدە ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ماموتنىڭ ئىپلاس بەدىنى ئىدى. رەيھانگۈل ئەندىككەن پېتى «ئانا، ۋايجان!....» دەپ توۋلىدى. ئۆيقۇدا ياتقان ئانا چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېنىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى توسۇشقا قانداقمۇ ماجالى بەتسۇن؟!

رەيھانگۈلنىڭ ئەلەملىك ئىڭراشلىرىغا چىدىمىغان ئانا بار كۈچىنى يىغىپ «ھۇ ھايۋان» دەپ توۋلىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. رەيھانگۈل بولسا: «جېنىم دادا، ئۇنداق قىلماڭ، مەن ئۆز قىزىڭىز ئەمەسمۇ؟ ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن» دەپ يالۋۇراتتى، تىپرلايتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق يالۋۇرۇشلىرى ھايۋاني نەپسى ئىرادىسىدىن غالىب كەلگەن بۇ قاۋان مەخلۇققا قىلچە كار قىلمىدى. ئۇ يىرىك ساقاللىرىنى رەيھانگۈلنىڭ يۇمران يۈزلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۈركىدى. شۇ تاپتا رەيھانگۈل سانىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بىچارە چۈجىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ماموت ئاخىرى ياۋۇز مەقسىتىگە يەتتى. ئەمدىلا ھاياتلىق مەنزىلىنىڭ ئون ئالتىنچى باھارىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان ئوماق مەسۇمەنىڭ ئىنساني غۇرۇرى، قىزلىق ئىپپىتى ئۆز دادىسى تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق نابۇت قىلىنىپ،

ئۇنىڭ سەبىي يۈرىكىدە ئۆنتۈلغۇسىز جاراھەت ئىزى قالدۇردى.

يۈرىكى مۇجۇلغان رەيھانگۈل ئانىسىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان نازۇك بەدىنى توختىماي سىلكىنەتتى. يۈرىكىنى ئاچچىق ھەسرەت چىرمىغان ئانىمۇ ئىختىيارسىز ياش تۆكەتتى. ئۇنىڭ قىزىغا تەسەللى بەرگۇدەك ماجالىمۇ قالمىغانىدى.

بىر كۈنى ئىككى قەدىناس قوشنا ئايال رەيھانگۈلنىڭ ئانىسىنى يوقلاپ كىردى. بۇ بىچارە ئانا مىڭ تەسلىكتە يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا دەپ بەردى. ئۇلار ھەيرانلىق ئىچىدە ياقىسىنى چىشلىشىپ بۇ ئايالغا تەسەللى بىرىپ، مامۇتقا تەربىيە بىرىپ قويۇش توغرىسىدا ۋەدە بىرىشىپ چىقىپ كىتىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مامۇتنىڭ تەرسا مىجەزىنى بىلگەچكە ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ھىچنىمە دىيەلمەيتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي قاتتىق كىسەل ئازابىدىن جۇدەپ كەتكەن بۇ بەختسىز ئانا ئۆز باغرىنى يىرىپ چىققان ئوماق، چۆچۈرىدەك تۆت پەرزەنتىگە قيىمىغان ھالدا چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەملەرنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپ، رەيھانگۈلنىڭ جاراھەتكە تولغان يۈرىكىگە يېڭى بىر جاراھەت قوشۇپ قويدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى رەيھانگۈل قوناقلىقتا ئوت ئىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كەينى تەرەپتىن كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، ئۆزىگە قاراپ سەت ھىجىيىپ كىلىۋاتقان مامۇتنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈرىكى«قارت» قىلىپ جىغىلداپ پۈت - قولىدا جان قالمىدى.

مامۇت ئۆز قوناقلىقىدا يەنە كېلىپ كۆپكۆندۈزدە، ئۆز ۋۇجۇدىدىن نامغان بۇ ئاجىزەنى يەنە بىر قېتىم ئاياغ ئاستى قىلدى. بۇ قېتىم رەيھانگۈل ھېچقانداق قارشىلىق قىلمىدى. چۈنكى قارشىلىق قىلىش، يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلارنىڭ ئىنسانىي غورۇرىنى يوقاتقان مامۇتقا قىلچە كار قىلمايدىغانلىقىنى ئۇ ئالللىبۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئەمما ئۇ ئۈنسىز ياش تۆكتى. بۇ ياش ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەمەس، بەلكى قان - زەردابقا تولغان جاراھەتلىك يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئەلەملىك ياشلار ئىدى.

بۇنداق ئىش بىر نەچچە قېتىم يۈز بەردى. بەزىدە ئېتىزلىقتا، بەزىدە رەيھانگۈل ئۆكىلىرىغا تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان يەرلەردە مامۇت كىچىك بالىلىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ئۇنى شەپقەتسىزلەرچە بېسىۋالاتتى. چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى روھىي ۋە جىسمانىي ئازاب، غېرىبلىق، موھتاجلىق دەستىدىن رەيھانگۈلنىڭ چىرايى سارغىيىپ، جۈدەپ باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كۆس - كۆس گەپلىرى، غەلىتە قاراشلىرى رەيھانگۈلنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ ئازابلاشقا باشلىدى. بۇنداق چاغلاردا رەيھانگۈل ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالاتتى. چۈنكى «بىگىز قاپتا تۇرماپتۇ» دېگەندەك، بولۇپ ئۆتكەن نومۇسسىزلىقنىڭ ھىد - پۇسى مەھەللە ئىچىگە تارقىلىشقا باشلىغانىدى . . .

بىر كۈنى قوشنا كەنتتىن رەيھانگۈلنىڭ ئۆيىگە ئەلچى

كېلىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇ توختى بىلەن توي قىلدى. ئۇ يېڭى تۇرمۇشقا ئىرىشكەندىن كېيىن بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىدى. ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلغاندىن سىرت قېيناتا ـ قېينانىسىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ جان دەپ قىلاتتى. لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ توختىدىن باشلاپ بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى توساتتىن ئۆزگىرىپ ، ئۇنىڭ ئەلەملىك يۈرىكى يەنە ئېچىشىشقا باشلىدى. بىر كۈنى كەچتە توختى تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ـ سەن قىز ئەمەسكەنسەن، شۇنداقمۇ؟ سېنى داداڭ بۇزۇۋېتىپتىكەنغۇ؟

ـ ياق، ئۇنداق ئەمەس!... ـ رەيھانگۈل ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

ـ مەن سېنى قىز دەپ ئالغان، لېكىن... بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى.

ـ ياق، ئۇنداق ئىش بولمىغان، مەن ئاجراشمايمەن، سىز بۇنداق گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

ـ مەن ئاڭلىدىم، سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن.

ـ ياق!ـ رەيھانگۈل شۇنداق دېگىنىچە ياستۇقنى قاماللاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن توختىمۇ باشقا گەپ قىلمىدى. رەيھانگۈلنىڭ كۆڭلىرىمۇ ئاشۇ سوغۇق مۇھىت ئىچىدە ئۆتۈۋەردى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەيھانگۈل ئۇكىلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن بېرىپ كەچ قېلىپ سىڭلىسى ساجىدەنى بىرگە ئېلىپ كېلىپ يېتىپ

قالغانىدى. مانا شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىقىدەك ئىشلار يۈز بەردى . . .

رازۋېدكىچىلار رەيھانگۈلنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر پەس جىم بولۇپ قېلىشتى. «رەيھانگۈل ئۆزىنىڭ ئىپپىتى ھېسابىغا سىڭلىسى ساجىدەنى سولاپ بەرگەنمىدۇ - يا؟» دېگەندەك سوئاللار ئۇلارنىڭ خىيالىدا ئەكس ئېتەتتى، لېكىن ھەممە ئىشقا پاكىت كېرەكتە! بۇ ھەقتە كۆپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپات تېپىلمىدى. رەيھانگۈل ئاخىرى قويۇپ بېرىلدى.

مامۇتنىڭ قىلمىشىمۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈلۈپ ئۇ قولغا ئېلىندى. 15 - سېنتەبىر سوت ئېچىلدى. سوت جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ نومۇسسىز جىنايى قىلمىشىنى تولۇق تاپشۇردى. سوت ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ۋەھشىي يالماۋۇزغا باسقۇنچىلىق جىنايىتى بويىچە مۇددەتلىك ئون بەش يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سايىت ئاخۇنغا سوت ئېچىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن سوراق جەريانىدىكى كىچىك باللاردەك ھەرىكەتلىرى، قىرىپ بىر ئەت، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان جەينەكتەك تېنى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتسا، ئۇنىڭ ھېلىقى ئۆزىنىڭ نەۋرىسىدەك بىر سەبىي قىزغا قىلغان پەسكەشلىكى ئادەمنى غەزەپلەندۈرەتتى. قانۇن رەھىمسىز، قانۇندا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ياش چەكلىمىسى بولغان بىلەن، قىزىلارغا ئۇنداق چەك قويۇلمىغان - دە! سايىت ئاخۇنغا مۇددەتلىك سەككىز يىللىق قاماق جازاسى

بېرىلدى. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپ 11 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۆلدى.

## تۇلكە كارامىتىنى كۆرسەتتى، تەپتىش مەھكىمىسى ئۇنى كېپىللىككە بەردى

17 - سېنتەبىر توختىغا سوت ئېچىلدى. سوتتا بىر قاتار تەرتىپ - رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن تەپتىش خادىمى توختىدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سەندە نارەسىدە قىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى بارلىقى راستمۇ؟

— مەندە ئۇنداق جىنايەت يوق.

— سەن ئىلگىرى شۇنداق جىنايەتنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان.

— مېنى ج خ كادىرلىرى ئۇرۇپ ئىقرار قىلدۇرغان.

— تەپتىش خادىملىرىمۇ ئۇرغانمۇ؟

— ياق.

— ئۇلارغا نېمىدەپ ئىقرار قىلغان؟

— ئۇلارنىمۇ ئۇرامدىكىن دەپ قورقۇپ شۇنداق ئىقرار قىلغان.

— ئىلگىرى يالغان ئىقرار قىلغان بولساڭ، سېنىڭ ئىقرارىڭ قانداقسىگە ساجىدە ۋە رەيھانگۈللەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىدۇ؟

— بىلمەيمەن.

گۇۋاھچى رەيھانگۇل سوتقا چاقىرتىلدى:

— سىز ئېرىڭىز توختىنىڭ سىڭلىڭىز ساجىدەگە بەدقىلىقلىق قىلغان جەريانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىڭ.

— ئېرىم توختى، سىڭلىم ساجىدەنى ھېچنېمە قىلمىغان.

— سىزنىڭ تەھقىقلەش ۋە ئەيىبلەش باسقۇچلىرىدىكى تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېيتقانلىرىڭىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— مېنى سوراق قىلغۇچىلار ئۇرۇپ، قورقۇتۇپ شۇنداق دېگۈزگەن.

— ئۇرغان ئادەمنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن.

— سىزنىڭ بىر يېرىڭىز زەخىملەنگەنمۇ؟

— يۈز - كۆزلىرىم كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن.

— قانۇن دوختۇرىغا تەكشۈرتكەنمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداق بولسا زەخىملەنگەنلىكىڭىزنى قانداق ئىسپاتلايسىز؟

— مېنى سولاپ قويغاندا بىر ياتاقتا بىرگە ياتقان ئايال ياتىمەگە مېنى ئۇرغانلىقىنى دېگەن. ئۇ مېنىڭ يۈز - كۆزلىرىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن، شۇ ئىسپات بولالايدۇ.

سوتتىكى تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى تەپتىشكە پايدىسىز بولۇۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ساجىدەنى سوتقا چاقىرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ساجىدە سوتقا چاقىرتىلدى.

— سىز توختىنىڭ سىزگە قىلغان بەدقىلىق ئىشلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىڭ ؟

— ئۇ مېنى ھېچقانداق قىلمىدى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان تەپتىش خادىمى ھاڭ - تاڭ بولۇپ جىم تۇرۇپ قالدى. سوتچىلارمۇ تەئەججۈپ ئىچىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۆز - ئارا پىچىرلىشىپ قويدى. سوت ئىچى بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى. ئاخىر تەپتىش خادىمى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ساجىدەنىڭ ئىلگىرىكى بايانلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ساجىدەدىن سورىدى:

— بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— مەن ئۇ ۋاقىتتا يالغان ئېيتقان.

— نېمىشقا يالغان ئېيتقانتىڭىز؟

— ئاچام دادامنى تۈرمىگە سولىتىپ بەرگەندىكىن، مەنمۇ ئۇنىڭ ئېرىنى تۈرمىگە سولىتىپ بېرەي دەپ يالغان ئېيتقان . . .

— سىز ئۇ ئىشلارنى دادىڭىز تۈرمىگە كىرىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغانغۇ ؟

ساجىدە گەپ قىلماي جىم تۇرىۋالدى.

بۇلار قانداقلارچە بۇنداق بىرلىككە كېلىۋالغاندۇ؟ بۇ بىر يېشىش قىيىن بولغان چىگىش مەسىلە ئىدى. سوتتا ھەر قانداق سوئالنى سوراشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن تەپتىش خادىمى سوتنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇش توغرىسىدا سوتقا تەكلىپ بەردى، سوت توختىتىلدى.

تەپتىش مەھكىمىسى دېلونى سوتتىن قايتۇرۇۋېلىپ، توختىنى كېپىللىككە بىرىۋېتىپ، دېلونى قايتا ئەتراپلىق تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا تەھقىقلىگۈچى

خادىملارنىڭ توختى ياكى رەيھانگۇلنى قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات تېپىلمىدى. ئۇلار يالغان ئېيتقانىدى. رەيھانگۇل بىر ياناقتا ياتقان، ئېنىق تۇرار جايى بولمىغان پاتىمەنى بىرنەچچە ۋاقىت جاپالىق ئىزدەش ئارقىلىق تېپىپ سۆھبەتلەشكەندە، ئۇ رەيھانگۇلنىڭ يۈز - كۆزىدە ئۆز ۋاقتىدا ھېچقانداق غەيرىي ئالامەتنىڭ يوقلىقى، سوراق جەريانىدا «مېنى ئۇردى» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ دېمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەپتىش خادىملىرى رەيھانگۇلنىڭ مەھەللىسىگە چىقىپ ئۇنىڭ قولۇم - قوشنىلىرىدىن توختى ئائىلىسىنىڭ رەيھانگۇلگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىگىلىدى. ئۇلار توختى ئائىلىسىنىڭ رەيھانگۇلگە ئىنتايىن ئىللىق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، رەيھانگۇلنىڭ توختىنى قانۇن تورىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىشتىن باش تارتمايدىغانلىقى تەبئىي ئىدى. ئۇنىڭ توختى بىلەن سوتتىن ئىلگىرى قانداقلارچە تىل بىرىكتۈرۈپ گېپىنى بىر قىلىۋالغانلىقىنى ئېنىقلاش مومكىن بولمىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. تەپتىش خادىملىرى دېلونىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى چىقىرىش ئۈچۈن ساجىدە بىلەن قايتا سۆھبەتلىشىش قارارىغا كەلدى. ساجىدە تەپتىش خادىملىرىغا ئاچىسى رەيھانگۇلنىڭ ئۆزىگە يالۋۇرۇپ «توختى ماڭا چېقىلمىغان، مەن ئاچامدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق يالغان ئېيتقان» دەپ تۇرىۋالساڭ توختىنى قويۇپ بېرىدۇ، ئۇ

تۇرمىدىن چىقسا سىنى ۋە باشقا ئۆكىلىرىمنى ئوبدان باقىدۇ، دېگەچكە مەن سوتنا يالغان ئېيتقان. مېنىڭ دەسلەپتە دېگەنلىرىم راست، دېدى. تەپتىش مەھكىمىسى دېلونى سوتقا قايتا ئەيىبلىدى. 17 - دېكابىر بۇ دېلوغا يەنە سوت ئېچىلدى. سوتتا توختى بىلەن رەيھانگۈل «ھېچقانداق ئىش بولمىغان» دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ساجىدە بارلىق جەرياننى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئامانلىق مۇدىرى قاتارلىق كىشىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتتى، دەلىل - ئىسپاتلار كۆرسىتىلدى. ئەمما، سوت مەھكىمىسى دەلىل - ئىسپات تولۇق ئەمەس، توختى جىنايەتسىز، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ھۆكۈمگە قارىتا تەپتىش مەھكىمىسى ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ،ئېتىرازنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ساجىدە يەنە تاققا - تۇققا سۆزلىگەنلىكتىن ئېتىراز قوللاشقا ئېرىشەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن توختىنىڭ ساجىدەنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەنلىكى يېشىلمەس سىر بولۇپ قالدى.

# ئۆز ئېرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش

يىراق ئۆيۈق كەينىدىن ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئەتىگەنلىك قۇياش بۇلۇتلۇق ئاسماندا غۇۋا نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى. كەچ كۈزنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق شامىلى دەرەخلەرنىڭ ئاداققى يوپۇرماقلىرىنى تىرىسلىتىپ تۆكمەكتە ئىدى. كەڭرى كەتكەن سەھرا ئاسمىنىنى شىددەتلىك تىترىتىپ ئېتىلغان بىر پاي ئوق بىلەن ئايگۈلنىڭ جىنايەتلىك ھاياتىغا مەڭگۈلۈك چېكىت قويۇلدى. ئادالەت ئوقىدىن تارقىغان كۈچلۈك ئاۋاز يىراق - يىراق ئۆيۈقلاردا ئەكس سادا ياڭراتتى. ناپاك ۋۇجۇدتىن تۆكۈلگەن قىزغۇچ قانلار يەنىلا مېھرىبان ئانا تۇپراق قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

X X X

2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەلۇم ناھىيىدىكى بىر يېزا تەۋەلىكىدىكى قەبرىستانلىقتا نۇرغۇن كىشىلەر توپلاشقانىدى. چۈنكى، بۇ يەردە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ رازۋېدكىچىلىرى كۆمۈلگىنىگە ئون ئۈچ كۈن بولغان بىر جەسەتنى يەرلىكىدىن كولاپ ئېلىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. جەسەت بىردەمدىلا كولاپ چىقىرىلدى. قانۇن دوختۇرى بىرنەچچە رازۋېدكىچىنىڭ ھەمراھلىقىدا جەسەتنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە

باشلىدى.

جەسەت ئوتتۇرا بوي، قىرىق بەش ياشلار ئەتراپىدىكى ئەر كىشىنىڭ جەسىتى بولۇپ، يۈز، تاغاق، ساغرىلىرىنىڭ تېرىلىرى ئايئاق بولۇپ پۈرلىشىپ چىرىشكە باشلىغانىدى. بۇرنىدىن كۆپۈكسىمان قان سىرغىپ تۇراتتى. جەسەتنى ئاناتومىيىلىك تەكشۈرگەندە ئۆلگۈچىنىڭ ئوڭ، سول ئۆپكە بۆلەكلىرىگە كەڭ دائىرىدە قان چۈشكەن، سول كۆكرەك بوشلۇقىغا 200مىللىلىتىر قان يىغىلغان، ئاشقازان دىۋارىدا كەڭ دائىرىدە قان توچكىلىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، قانۇن دوختۇرى يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۆلگۈچى زەھەرلىنىپ ئۆلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ھەمدە يۈرەك بوشلۇقىدىكى قان، ئاشقازان توقۇلمىسى، ئاشقازان سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان ئەۋرىشكە ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى تېخنىكىلىق باھالاش ئورنىنىڭ خىمىيىلىك ئانالىز قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن تېزلىكتە يوللاندى. رازۋېدكىچى خادىملار يەنە ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، زور گۇمانى ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ئايگۈلگە مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ كۈنى ئۇنى قانۇن بويىچە توختىتىپ قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى تېخنىكىلىق باھالاش ئورنىنىڭ خىمىيىلىك ئانالىز نەتىجىسىمۇ تېزلىكتە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ سىنك فوسفور (چاشقان دورىسى تۈرىدىكى) دىن زەھەرلەنگەنلىكى ئىسپاتلانغانىدى. پولاتتەك پاكىت ۋە دەلىل - ئىسپاتلار ئالدىدا جىنايەت گۇماندارى

ئايگۈل ئۆز جىنايى قىلمىشىنى ئەينەن تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. . .

قوينى كەڭ سەھرادا تۇغۇلۇپ، ساددا چوڭ بولغان ئاق كۆڭۈل دېھقان يىگىت ئابدۇللا 1980 - يىلى 2 - ئايدا ئايگۈل بىلەن توي قىلىپ ئىناق ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى گەرچە غورىگىل ئۆتىۋاتقان بولسىمۇ، ھەرھالدا بەختلىك ئىدى. لېكىن، توي قىلىپ ئون نەچچە يىلغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن بۇ ئائىلىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا دەز كېتىپ، ئائىلە ئىناقلىقى بۇزۇلدى. 1991 - يىلغا كەلگەندە ئۇلار نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتتى. ئابدۇللا باشقا ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بىر مەزگىل بىرگە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئايگۈلدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى بولغاي، ئاخىرى كېيىنكى ئايالىدىن ئاجرىشىپ ئايگۈل بىلەن قايتا يارىشىۋالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. 1994 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلار پاقلاندەك بىر ئوغۇل ۋە بىر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئايلاندى. لېكىن، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئائىلە شادلىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. نېمىشقىكىن، ئابدۇللانىڭ تەن سالامەتلىكىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ ئايگۈلنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى تولۇق قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايگۈل ئائىلە تۇرمۇشىنى ھالال ئىشلەپ ياخشىلاشنىڭ يولىنى ئىزدىمەي، يۇرتمۇ يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ

تىلەمچىلىك قىلىش يولىغا ماڭدى. ئابدۇللا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئايگۈلنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالمىدى. بولۇپمۇ 1998 - يىلىغا كەلگەندە بۇ ئائىلىدە ئۈچىنچى شەخسنىڭ پەيدا بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىناقلىقى بىراقلا بۇزۇلۇپ كەتتى.

بىر كۈنى ئايگۈل تىلەمچىلىككە مېڭىش ئالدىدا بىر قوشنا ئايال ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ مەلۇم بىر كەنتكە بېرىپ قالسا ئۆزىنىڭ شۇ يەردىكى تونۇشلىرىغا بىر ئىشنى ئېيتىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدى. ئايگۈلمۇ شۇ يەرلەرگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپ، ھېلىقى ئايالنىڭ تونۇشلىرىنى تاپالماي شۇ يەرلىك رەۋەيدۇللادىن ئۇ ئادەمنى سورىدى. رەۋەيدۇللا «مەن تېپىپ بېرەي» دەپ ئايگۈلنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ باردى.

رەۋەيدۇللا قىرىق ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان ئادەم بولۇپ، ئايالىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ بويتاق ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئايگۈلنىڭ خېلى قاملاشقان ھۆسن - جامالىغا قاراپ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن بۇ «ئولجا» نى قولدىن چىقارغۇسى كەلمىدى. ئۇ «سىز ئىزدىگەن ئادەمنى مەن تېپىپ كېلەي» دەپ ئايگۈلنى ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ لاغايلاپ يۈرۈپ، خېلى بىر ۋاقىت بولغاندا «تاپالمىدىم» دەپ قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا كەچمۇ كىرىپ قالغانىدى. ئايگۈل قايتىشقا تەمشەلدى. لېكىن، رەۋەيدۇللا شېرىن - شېكەر گەپلەر بىلەن ئايگۈلنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ قالدى. ئايگۈل ئېرىنى دېمىسىمۇ ئۆزىنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا تەشنا بولۇپ ، تۆت كۆزى بىلەن تەلمۈرۈپ كۈتۈپ تۇرغان ئىككى يۈرەك پارىسىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا رەۋەيدۇللا بىلەن بىر

ياستۇققا باش قويۇپ، ئېرىتقۇ شادلىق قويىنىغا غەرق بولدى. . .

شۇ ئىشتىن كېيىن ئايگۈلنىڭ كۆڭلىدىكى ئائىلە، پەرزەنت ئورنىنى رەۋەيدۇللا پۈتۈنلەي تارتىۋالدى. ئايگۈلنىڭ ئۆز باللىرىغىمۇ بېرىشكە كۆزى قىيمىغان تۇخۇم، توخۇ گۆشلىرى رەۋەيدۇللانىڭ ئىشتىها بىلەن يەيدىغان ئوزۇقلۇقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغاندى. ئايگۈل بارغانسېرى ئۆزىنى يوقىتىپ، رەۋەيدۇللانى بىرنەچچە كۈن كۆرمىسە چىدىمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

تىلەمچىلىك ئايگۈلنىڭ رەۋەيدۇللا بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ياخشى بىر يولى بولۇپ قالغانىدى.

ئايگۈل تىلەمچىلىككە مېڭىش باھانىسىدا خالتىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان پېتى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ ئۇدۇل رەۋەيدۇللانىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. رەۋەيدۇللامۇ ئايگۈلنىڭ ئېرى ئابدۇللانىڭ ئۆيدە يوق ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ كېچە بولسۇن ياكى كۈندۈز بولسۇن، پەيت تاپسىلا ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپ تۇردى.

2001 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئايگۈل ئابدۇللا بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ باللىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ رەۋەيدۇللا بىلەن قانۇنسىز بىر ئۆيگە كىرىۋالدى.

ئايگۈلنىڭ بۇ نومۇسسىز قىلمىشىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇللانىڭ يۈرىكى ئەلەم ئوتىدا ئۆرتەندى. چىدىغۇسىز خورلۇق ۋە ئانا مېھرىگە قانمىغان ئىككى پەرزەنتىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغان

ئابدۇللا ئاخىرى كەنت رەھبەرلىرىدىن ئايگۈلنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى كەنت ئامانلىق مۇدىرى ۋە يېزىلىق ساقچىخانىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار رەۋەيدۇللانىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئايگۈلگە ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ ئۇنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

ئايگۈل ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرىدىن ھەمىشە مۇز يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاخىرى «ئابدۇللادىن قۇتۇلالمىدىم» دەپ ئويلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ رەۋەيدۇللا بىلەن مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت شۇم نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ئېرىنى قەستلەش ئۈچۈن يېزا بازىرىدىن بەش موچەنلىك چاشقان دورىسى سېتىۋېلىپ كەلدى. بىر كۈنى ئايگۈل لەغمەن ئېتىپ چاشقان دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئابدۇللاغا ئەكىرىپ بەردى. ئابدۇللا تاماقنى يېگەندىن كېيىن توختىماي ياندۇرۇپ، تولغىنىپ بىھوش بولۇپ يېتىپ قالدى، ئاغزى - بۇرنىدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك چىقىشقا باشلىدى. ئايگۈل ئابدۇللانى تويۇقسىز كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ قالدى، دەپ باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش مەقسىتىدە قوشنىلىرىنى چاقىرىپ كىردى. ئەمما، قوشنىلىرىنىڭ تېز ھەرىكەتكە كېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئابدۇللا بىر قېتىملىق ئەجەلدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ قالدى. ئايگۈلنىڭ تەلىيىگە يارىشا، بۇقېتىمقى ئىشنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمىدى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدى.

شۇ ئىشتىن باشلاپ ئابدۇللانىڭ جېنى ئامان قالغان بولسىمۇ، لېكىن سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. ئايگۈل ئابدۇللانى «داۋالىتىش» ئۈچۈن دورا سېتىۋېلىش، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش، پالچىلارغا پال ئاچقۇزۇش قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ھەممە كىشىنى ئابدۇللانىڭ «كېسەل» ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇۋەتتى.

ئايگۈل ئۆزىنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېزا بازىرىدىن يەنە بەش موچەنلىك چاشقان دورىسى سېتىۋالدى. ئۇ مۇۋاپىق پەيت كۈتۈۋاتاتتى. 2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە كۆڭلىنىڭ تازا ئارامى بولمىغان ئابدۇللا ئايگۈلگە ئۇماچ ئېتىپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئەتتۇرگەن ئاشۇ ئۇماچ بىلەن مەڭگۈ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ئايگۈل ئۇماچ ئەتتى. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى يانچۇقىدا ساقلاپ كەلگەن چاشقان دورىسىنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇللانىڭ تاماق قاچىسىغا تۆكتى- دە، ئۈستىگە ئۇماچ ئېلىپ ئابدۇللاغا ئەكىرىپ بەردى. ئابدۇللا ئەڭ ئاخىرقى رىزقى - بىر قاچا ئۇماچنىڭ ھەممىسىنى ئىچتى، ئەمما ئىچىپ بولۇپلا يەنە تولغىنىپ قۇسۇشقا باشلىدى. قورسىقى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ، ئىچى سۈرۈپ كەتتى. ئاغزى - بۇرنىدىن ئاپئاق كۆپۈك يېنىپ ئاخىرى ھوشىدىن كەتتى. ئايگۈل يەنە قوشنىلىرىنى چاقىردى. قوشنىلار كىرىپ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ بولغۇچە ئەسلىدىنلا تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن بۇ «كېسەل» نىڭ

تىنقلىرى مەڭگۈلۈك توختاپ قالدى. بىرسى بىر نېمە دەپ، يەنە بىرسى بىر نېمە دەپ دېگەندەك 2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەردە ئابدۇللانىڭ جەسىتى ئادەت بويىچە يەرلىكىدە قويۇلدى.

جەسەتنىڭ ئوخشۇشلۇق يەرلىكىدە قويۇلغانلىقىدىن خۇشال بولغان ئايگۈلنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. چۈنكى ئايگۈلنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىش تولىمۇ جايىدا تاماملانغاندەك قىلاتتى.

ئابدۇللانىڭ جەسىتى يەرلىكىدە قويۇلۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئايگۈل ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسىدا ئامانەت قويغان پۇلىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىغا باردى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كەچتە قايتىشىدا يەنە رەۋەيدۇللانىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئابدۇللانىڭ تېخى يەتتە نەزىرىسى تۈشماي تۇرۇپ ، ئەدەپ - ئەخلاق، ئىنساپ - دىيانەتنى ئۇنتۇغان بۇ ھاماقەت خوتۇن قىلچە نومۇس قىلماستىن رەۋەيدۇللا بىلەن يەنە بىر قېتىم چىرمىشىپ كەتتى.

كەچ كىرىپ كەتكەچكە رەۋەيدۇللا ئايگۈلنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا توغرا كەلدى. يولدا ماڭغۇچە ئۇ ئابدۇللانىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىن سەل گۇمانلىنىپ ئايگۈلدىن ئابدۇللانىڭ نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سورىدى. ئەمما ئايگۈل ئابدۇللانىڭ يېقىندىن بۇيان كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقى، كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى . . .

ئادالەت ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئايگۈل «ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولدى» دەپ خۇشال يۈرگەن مىنۇتلاردا ئابدۇللانىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق

گۇمان قىلىپ قالدى. ھەمدە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا بېرىپ، ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمىدىكى نورمالسىز تەرەپلەرنى تەكشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا ئەرز سۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەقىقي ماھىيىتى ئاشكارىلاندى.

جىنايەت گۇماندارى ئايگۈل 2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. 2002 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىرىنچي سوتتا جاۋابكار ئايگۈلنىڭ قەستەن قاتىللىق قىلىش جىنايىتىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. بىراق، جاۋابكار ئايگۈل ھۆكۈمگە قايىل بولماي جازا ئېغىر بولۇپ كەتتى، دېگەن مەزمۇندا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق ئەسلىي سوتنىڭ جىنايەت پاكىتىنى بېكىتىشى، جازا ئۆلچىشى توغرا بولغان دەپ قاراپ، جاۋابكار ئايگۈلنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىپ، ئەسلىي سوت ھۆكۈمىنى كۈچكە ئىگە قىلدى. 2002 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21- كۈنى جاۋابكار ئايگۈلگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىندى.

# دوختۇرلۇق نىقابى ئاستىدىكى جىنايەت

دۆلىتىمىز ئۆزۈن يىللاردىن بېرى زەھەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا مۇكەممەل قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈرغۈزۈپ، زەھەرگە قارشى تۇرغۇن جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلدى. مەجبۇريي زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورۇنلىرىنى كۆپلەپ تەسىس قىلىپ، زەھەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئازغۇن ياشلارنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى، سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. تېلېۋىزور، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن زەھەرنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى ئاستىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ئائىلىسىنىڭ خانىۋەيران بولغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى كۆردۇق. مانا مۇشۇنداق تارىخىي رېئاللىقنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، پۇل ئۇچۇن ھەممىنى ئۇنتۇپ زەھەر سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھەتتا كىشىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى دوختۇر سىياقىغا كىرىۋېلىپ، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ زەھەر چېكىشىگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىدىغان، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ سېلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىدىغان نا ئىنساپ، دىيانەتسىز كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى تېخى تۈگىگىنى يوق . . .

2000 ـ يىلى 14 ـ نويابىر تاڭ سەھەر. سەھەرنىڭ سۈغۇقى ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانچىلاتتى. 315 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بىر شەھەر

تەۋەلىكىدىكى مەلۇم بىر ئۆيىنىڭ ئالدىدا كېچىدىن بېرى سوغۇقتا توڭلاپ قېتىپ قالغان نامسىز بىر جەسەت كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالدى. ئۆلگۈچى كىم؟ قەيەرلىك؟ ئۇ قانداق بولۇپ بۇيەرگە كېلىپ قالدى؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكىچى خادىملىرى دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى تېزلىكتە ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر يەتكۈزدى. ئۆلگۈچى مەلۇم ناھىيىدىكى يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قاھار ئىدى.

بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن يۈرەكلىرى مۇجۇلغان قاھارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كېلىپ جەسەتكە ئۆزىنى تاشلاپ يىغا - زارە قىلىشقا باشلىدى. مېھرىبان ئانا ئوغلىنىڭ كۆپۈپ چىققان قورساقلىرىنى سىلاپ، يۈزىنى ئوغلىنىڭ سوغۇقتا توڭلاپ، كۆكۈرۈپ كەتكەن مۈزدەك يۈزىگە يېقىپ توختاۋسىز نالە قىلاتتى. يۈرەكلىرى پارە - پارە بولغان كۆيۈمچان ئاتىنىڭ كۆزىدىن ئاققان مۇنچاقتەك ياشلار خۇددى يامغۇر سۈيىدەك تامچىلايتتى. ئېرىنىڭ بىئەجەل ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنغان سۆيۈملۈك ئايالى ياقا يىرتىپ يىغلايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قورقۇپ كەتكەن تۆت ياشلىق ئوماق مەسۇمە چىرقىراپ نالە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى نالە - پەريادىغا ئاسمان - زېمىنمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى . . .

جەسەتتىكى بىر قاتار ئالامەتلەردىن قارىغاندا ئۇنىڭ

بىلىكىدە ئوكۇل سېلىنغان ئالامەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قانۇن دوختۇرى جەسەتنى ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، «زەھەرلىنىشتىن نەپەسلىنىشى توسالغۇغا ئۇچراپ ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقاردى. ئەمما، ئۆلگۈچى زەھەرلەنگەن بىرىنچى نەق مەيدان قەيەر؟ ئۆلگۈچى زەھەرلىك ئوكۇلنى ئۆزى سالغانمۇ ؟ ياكى ئوكۇل باشقىلار تەرىپىدىن سېلىنغانمۇ ؟ دېگەن مەسىلە زارۇپىدكىچىلار ئالدىدا بىر سىر ئىدى. «شەھەردە بىر نەپەر ياش زەھەر چېكىپ ئۆلۈپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەرمۇ ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى قىزىق نوقتىغا ئايلىنىپ قالدى.

2000 - يىلى 18- نويابىر ئىككى نەپەر ياش جەسەت بايقالغان شەھەرگە يېقىن بىر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار مەزكۇر دېلودىكى جىنايەت گۇماندارلىرى بولۇپ، شۇ ناھىيىلىك يولۇچىلار چوڭ بېكىتى ئالدىدا دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاكا - ئۇكا بارات بىلەن رۇزىباقى ئىدى. ئۇلار ج خ ئىدارىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەلگەنىدى.

بارات بۇ ناھىيىدىكى مەلۇم يېزىلىق شىپاخانىدا دوختۇرلۇق قىلاتتى. بۇ شىپاخانىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەن بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مائاشنى ۋاقتىدا تارقىتالمايدىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر باراتنىڭ ئىدىيىسىدە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇ ۋاقتىدا ئالالمايدىغان مائاشقا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، شىپاخانىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، ناھىيىلىك يولۇچىلار چوڭ بېكىتى ئالدىدىكى بىر ئۆيدە

شەخسي دورا دۇكىنى ئېچىۋالدى. ئۇنىڭ دۇكىنى كىشىلەرنىڭ ئـايىغى ئۈزۈلمەيـدىغان ئـاۋات كوچىغـا جايلاشـقان بولسـمۇ، تىجارىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمايۋاتـاتتى. بىـر ـ ئىككى يۇەنلىك بـاش ئـاغرىقى دورىسى، ئـاغرىق پەسـەيتىش دورىسى دېگەندەكلەرنى سېتىپ ئولتۇرۇش ئۇنى تېخىمۇ جىلە قىلاتتى. شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇ دوختـۇرخانىلاردا ئىشـلىتىش قـاتتىق چەكلىنىـدىغان «دۇلانتىن» (دۇلىنـدىڭ)، «ئەنـدىڭ» قاتـارلىق دورا ـ ئوكـۇللارنى مـەخپىي سېتىشـقا باشـلىدى. دېگـەندەك، ئۇنىڭ تىجارىتى بارغانسېرى روناق تېپىپ يانچۇقىغا تـوم ـ توم پۇل كىرىشكە باشلىدى. كۇنلەر ئەنە شۇنداق داۋاملاشماقتا ئىدى.

كېيىنكى كۇنلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ دۇكىنىدىن چىرايى تاتىراڭغۇ، يوچۇن كىشىلەرنىڭ ئـايىغى ئۈزۈلمەيـدىغان بولـۇپ قالـدى. ئـۇلار ھەرگـىزمۇ كېسـەل داۋالاتقىلـى كەلگـەنلەر بولماستىن ، ئەكسىچە، زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغانلار ئىدى. ئـۇلارنىڭ بـەزىلىرى ئـۆزى تېپىـپ كەلگـەن زەھـەرنى ئوكـۇل قىلغۇزۇشـقا كىرسـە، بـەزىلىرى خـۇمار پەسـەيتكۈچى دورا ـ ئوكۇللارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ كىرەتتى.

بـارات ئۆزىنىـڭ بـۇ خىـل تىجارىتىنىـڭ رونـاق تېپىشـىغا ئەگىشىپ ئورۇن تـاللاپ ئولتۇرمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بـۇ خىـل كىشـىلەرنىڭ پائالىيـەت سورۇنىغا ئايلىنىـپ قالـدى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن ياشلار بولسا، بىـر قىسمى بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسگە ئىگە، مۇقىم

خىزمەت ئورنى بار ياشلار ئىدى.

ئۆزىگە شۇنچە كۆپ «خېرىدار» جەلپ قىلغان بۇ كىچىك دۇكان ئەسلىدىمۇ بىر قانۇنسىز دورا دۇكىنى بولۇپ، سەھىيە تارماقلىرىنىڭ دورا سېتىشقا، داۋالاشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامىسى يوق ئىدى. سەھىيە تارماقلىرى بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ دورا دۇكىنىنى پېچەتلەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن پېچەتنى بۇزۇپ ئېلىۋېتىپ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەنىدى.

2000 - يىلى 13 - نويابىر كەچتە باراتنىڭ ئىنىسى رۇزىباقى بۇ دۇكاندا تىجارەت قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىكتىن كېلىشكەن، قامەتلىك بىر ياش يىگىت ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ، ئۇ دەل قاھار ئىدى. قاھار شوخ، تېتىك يىگىت بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ، ئۇ بىر قىسىم ناچار كىشىلەرنىڭ تەسىرىنى يۇقتۇرۇپ، ئۈچ - تۆت ئايدىن بېرى زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ باراتنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئاغىنىسى، بۇ يەرنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى. قاھارنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىدىن زەھەر خۇمارى تۇتۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن بىر دانە شپىرىسنى چىقىرىپ رۇزىباقىغا تەڭلەپ:

— بۇنى ئۇرۇپ قويە، — دېدى. شپىرىسنىڭ ئىچىدە بىرخىل سارغۇچ سۇيۇقلۇق لىغىلداپ تۇراتتى.

— بۇ قانداق ئۇكۇل؟ — دەپ سورىدى رۇزىباقى.

— بۇنىڭ نېمىلىكىنى سورىماي دەرھال ئۇرۇپ قوي،

قورسقىم ئاغرىپ كەتتى. ھېلى بىكار . . .

رۇزىباقى شىپىرىسنى قولىغا ئېلىپ قاھارنىڭ ئوڭ قولىنىڭ تومۇرىغا ئوكۇل يىڭنىسىنى سانچىدى، ئەمما ئوكۇل نەق تومۇرغا ئۇرۇلمىغاچقا ماڭمىدى.

ــ نېماندالق ئۇرالمايسەن؟ تېززاق بولمامسەن،ــ دەپ ئاچچىقلىدى قاھار رۇزىباقىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ، شۇ تاپتا قاھارنىڭ تولىمۇ تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. رۇزىباقى ئوكۇل يىڭنىسىنى تومۇرغا قايتا سانچىدى. قاھار رۇزىباقىنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، شىپىرىستىكى سۇيۇقلۇقنى ئۆزى ماڭدۇردى. ئۇ شىپىرىستىكى سۇيۇقلۇقنى ماڭدۇرغاچ شىپىرىسقا قان ياندۇرۇپ يەنە ماڭدۇردى. ئۇ تولۇق ماڭدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن رۇزىباقىغا قاراپ:

ــ خىروئىن دېگەن مانا مۇشۇ... ئەجەبمۇ تەسىر قىلدىغۇ بۇ، ــ دېگىنىچە ئاستا سىرىلىپ ساپاغا يۆلىنىپ قالدى. رۇزىباقى بىردەم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قالغاندىن كېيىن قاھارنىڭ قولىدىكى يىڭنىنى ئېلىۋېتىپ ئۇنى مىدىرلاتتى، گەجگىسىدىن ئۇۋۇلىدى، كۆكرىكىنى باستى. ئەمما، قاھار ئىككىنچىلەپ ھەرىكەتكە كەلمىدى، ئۇ ئاللىقاچان تىنىقتىن قالغانىدى.

بۇ ئىشتىن قورقۇپ گاڭگىراپ قالغان رۇزىباقى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئاكىسى باراتقا دەرھال كېلىش توغرىسىدا چاقىرغۇ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بارات پەيدا بولدى ـ دە، كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىدىن ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ دۇكان ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋېتىپ، كاللىسىنى قاماللاپ بىردەم ئولتۇردى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا

ھەرخىل خىياللار خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئاخىرى ئامال تاپقاندەك قىلدى ــ دە، ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ تاكسى چاقىرىپ كېلىپ دۇكان ئالدىدا توختاتتى. ئۇ دۇكان ئىچىگە كىرىپ قاھارنىڭ جەسىتىنى رۇزىباقىغا كۆتەرگۈزدى . ئۆزى ياردەملىشىپ ئېلىپ چىقىپ تاكسىنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ياتقۇزدى. ــ بۇ ئاغىنىمىز مەست بولۇپ قالغانىدى، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى، ــ دېدى بارات شوپۇرغا. كېچە قاراڭغۇ بولغاچقا شوپۇرمۇ بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى. رۇزىباقى قاھارنىڭ جەسىتى يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى. بارات شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇلار بىرنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەھەر تەۋەلىكىگە كەلگەندە، بارات شوپۇرغا ماشىنىنى توختىتىشنى ئېيتتى. بارات بىلەن رۇزىباقى جەسەتنى كۆتۈرۈپ يول بويىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

ــ ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويماي تاشلاپ قويۇپ كەلدىڭلارغۇ؟ سوغۇقتا توڭلاپ قالامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى شوپۇر سەل شۈبھىلەنگەندەك بولۇپ.

ــ ھېلى مەستلىكىدىن يېشىلگەندە ئۆزى كىرىپ كېتىدۇ، ــ دېدى بارات.

شۇنداق قىلىپ بارات ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئاغىنىسى، دائىملىق خېرىدارى قاھارنىڭ جەسىتىنى سوغۇق، تىمتاس كېچىدە ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان ناتونۇش بىر ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما بارات يەنىلا بىر خىل روھىي ئازاب، ئەندىشە، قورقۇنچ چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ قاھار بىلەن بىللە ئوينىغان چاغلىرى، مۇسىبەت كۈنىدىكى قاھارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان ئېچىنىشلىق يىغا - زارلىرى كەلگەندە (قاھارنىڭ مېيىت نامىزىغا باراتمۇ قاتناشقان) بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسىغا چۆمسە، جەسەتنى تاشلاپ قويۇپ ماڭغان چاغدىكى شوپۇرنىڭ «... سوغۇقتا توڭلاپ قالامدۇ؟» دېگەن سوئالى ئېسىگە كەلگەندە، بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە قالاتتى. «ناۋادا شوپۇر ھېلىقى ئۆي ئالدىدىن تېپىلغىنى بىر مەست بولماستىن، جەسەت ئىكەنلىكىنى بىلسە، ج خ ئورۇنلىرىغا ئەھۋالنى دەپ قويسا قانداق بولار؟» بۇلارنى ئويلىغاندا باراتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتەتتى. ئۇ شۇنداق ئايىغى چىقماس قورقۇنچلۇق خىياللار ئىچىدە نەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئاخىرى يەلكىسىنى تاغدەك بېسىپ تۇرغان بۇ روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنىسى رۇزىباقىنى ئەگەشتۈرۈپ 2000 - يىلى 18 - نويابىر كۈنى ج خ ئىدارىسىغا قاراپ يول ئالدى .

2001 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جىنايەت گۇماندارى بارات بىلەن رۇزىباقى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

بىرىنچى سوتتا بارات بىلەن رۇزىباقىغا باشقىلارنىڭ زەھەر چېكىشىگە، ئىستېمال قىلىشىغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىش جىنايىتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى يىللىقتىن بىر

يىلىلىققىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىسادىي شارائىتى ناچار بولغان بۇ نامرات ناھىيىدە زەھەرلىك چېكىملىك سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بۇ پاجىئە ھەققەتەن كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. ئەمدىلا يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن بىر ياشنىڭ ھاياتىغا ئاق ئالۋاستىنىڭ نىجىس قولى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك چېكىت قويۇلدى. ئۇ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك دەردنىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قالدى. ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان، يۈرىكىدە قاھارغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى گويا گۈلخاندەك لاۋۇلداپ تۇرغان ياش ئايالى ۋاقىتسىز تۇل بولۇپ قالدى. ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن سەبىي قىزى ئۆزىنىڭ يۆلەنچۈك تېغىدىن ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك يېتىم بولدى. بۇ پاجىئەنىڭ بولغىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن جانجىگەر ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان مېھرىبان ئانا ھەر كۈنى ئوغلىنىڭ غېرىب قەبرىسىنى قۇچاقلاپ قان يىغلاپ ناله قىلماقتا . . .

زەھەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان ياش دوستلار، سىلەر بۇ پاجىئەدىن ساۋاق ئېلىڭلار، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىڭلارنى تۈگىمەس ئازاب دەرياسىغا غەرق قىلماڭلار، قاباھەتلىك تۈيۈق يولدىن قايتىپ، گۈزەل تۇرمۇش لەززىتىدىن قانغۇچە ھوزۇر ئېلىڭلار! بۇ دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل!. . .

# ئىبلىس قولىدا توزۇغان غۇنچە

ئاھ، سىڭلىم سەلىمە، شۇ تاپتا سۆزۈمنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. سېنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىڭ پۈتۈلگەن دېلو ئارخىپىنى ۋاراقلاۋاتقان قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاچچىق بىر ھەسرەت گېلىمدىن بوغماقتا. گويا پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ ئارامسىزلىنىۋاتقان يۈرىكىمدىن سىرغىغان ھەسرەت ياشلىرى قەلب قەسرىمگە تىنىمسىز سىرغىماقتا. كۆز ئالدىمدىكى ئېچىنىشلىق قىسمەت جاراھەتلىرىنى نامايەن قىلىپ تۇرغان سۈرىتىڭگە قاراپ ئىختىيارسىز كۆزۈمنى يۇمدۇم. چۈنكى ۋۇجۇدىدا ساڭا ئوخشاش مەسۇم گۆدەكلەرنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ھەرقانداق بىر ئاتا بۇ قارا قىسمەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. تومۇرۇمدا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان قانلىرىم تۇيۇقسىز قېتىپ قالغاندەك بىر خىل ئەسەبىي، قورقۇنچلۇق تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ۋۇجۇدۇمنى ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلىدى. شۇ تاپتا خىيالىمدا سوزۇلۇپ ياتقان سۈرىتىڭ توختاۋسىز نالە قىلماقتا ئىدى. سەندىن سوراي سەلىمە، بۇ سېنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىڭنى ماڭا بايان قىلغىنىڭمۇ؟

سەن شۇ تاپتا دوختۇر كارىۋىتىدا ئاپئاق بىلەكلىرىڭنى ئىككى يېنىڭغا تاشلاپ بىھوش ياتاتتىڭ. ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇق ئاپئاق نەيچە ئارقىلىق كىچىككىنە تومۇرلىرىڭغا بىر تامچە - بىر تامچىدىن ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى. تىمەن

ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بوغماق يوتىلىرىڭ ئارىسىدا ئىششىپ، قىزىرىپ كەتكەن ئۇياتلىق يەرلىرىڭگە بىر نەچچە تال پلاستىر چاپلاقلىق تۇراتتى. بۇغداي ئۆڭ، يۇملاق، قاشتېشىدەك سۈزۈك يۈزۈڭگە خويمۇ ياراشقان قاپقارا قاشلىرىڭ ئارىسىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ چىڭ يۇمۇلغانىدى. ھېممىدە جۇپلەشكەن قىياقتەك بۇلۇق، تال - تال كىرپىكلىرىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس لىپىلدايتتى. ھەم يۇمۇلغان گىلاستەك لەۋلىرىڭ قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولغاندەك ئاجىز مىدىرلايتتى. سەن بەلكىم «مەن نېمە بولدۇم؟» دەپ سورىماقچى بولۇۋاتقانسەن. بۇ ئىشلارنى بىلگەن تەقدىردىمۇ سېنىڭ گۆدەكلەرچە قەلبىڭ، سەبىي ھېس - تۇيغۇلىرىڭ ئۇنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلىشى ناتايىن. چۈنكى سەن ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن مەسۇم، گۆدەك نارەسىدە ئەمەسمۇ؟ ۋۇي، سەن يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋاتىسەنغۇ ؟ بۇ ئىشلارنى بىلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ بوپتۇ، كۆزۈڭنى ئاچ سەلىمە، مەن ساڭا سۆزلەپ بېرەي . . .

سەن بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە بولۇپ پەرزەنت ئىشقىدا جان پىدا قىلغۇچى ئاتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىشقا مۇشەررەپ بولغۇچە سەن ئۈچۈن تاغ كەبى يۆلەنچۈك بولىدىغان ئاتاڭنى ۋاقىتسىز كەلگەن ئەجەل بورانلىرى قارا تۇپراق ئارىسىغا ئېلىپ كەتتى. سەن يېتىم بولۇپ قالدىڭ. ئەمما يېتىملىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن تېخى بىلمەيتتىڭ. سېنى ۋاقىتسىز تۇل قالغان ئاناڭ پەپىلەپ باقتى. ئاتاڭنىڭ يىرىك ساقاللىرىنى بۇدرۇققىنا قوللىرىڭدا سىلاپ ئەركىلەش ساڭا نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، سەن ھەرھالدا ئانا مېھرىگە قېنىپ ئىككى ياشقا كىردىڭ. دەل شۇ چاغدا ئاناڭ تىرىكچىلىك يولىنى ئىزدەپ، «تىجارەت قىلىمەن» دەپ ئىچكىرىگە كەتكىنىچە قايتىپ

كەلمىدى. ئانا مېھرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىڭ. شۇنىڭدىن باشلاپ سەن ئۇن يەتتە ياشلىق ھەدەڭنىڭ ھامىيلىقىدا تېمەن ئۆسۈپ چوڭ بولۇشقا باشلىدىڭ. ھەدەڭمۇ ساڭا ياخشى قارايتتى. گەرچە تۇرمۇشۇڭ غورىگىل ئۆتۈۋاتسىمۇ گۆدەكلەرگە خاس قەلبىڭ خۇشاللىققا تولغانىدى. چۈرۈك - چۈرۈك تاتلىق تىللىرىڭ، ۋىلىق - ۋىلىق يېقىملىق كۈلكىلىرىڭ جانان چىنىدەك جاراڭلاپ يۇرەكلەرگە شادلىق ھۇزۇرى ئاتا قىلاتتى. مانا، كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلاپ سەنمۇ ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدىڭ. تولۇن ئاي جىلۋىسى بالقىپ تۇرغان چېھرىڭ ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئەقىل ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىڭدىن بىر خىل سېھرىلىك نۇر چاقنايتتى. سەن ئەنە شۇنداق پاك، غۇبارسىز، دۇنيانىڭ تۇرلۇك - تۇمەن غەم - غۇسسىلىرىدىن تېخى خەۋىرى بولمىغان ناتىۋان غۇنچە ئىدىڭ.

بۇ يىل باھار ھىدىغا تولغان ئاپرېل ئېيىنىڭ 16 - كۈنى ئىدى. قاش قارىيىشقا باشلىغان چاغ بولسىمۇ، سەن قوشنىڭنىڭ بېغىنىڭ بۇرجىكىدىكى بوغىداي ئېتىزلىقى بويىدا ئويناۋاتاتتىڭ. ئاشۇ چاغدا بىر ئۆمۈر تولدۇرۇۋالغۇسىز ئازاب ئېلىپ كەلگۈچى مۇدھىش شۇملۇقنىڭ قارا كۆلەڭگۈسى ساڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەپسۇس، سەن ئۇنىڭدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدىڭ. بىر نەچچە تەڭتۇشلىرىڭ بولسا سەندىن سەل نېرىدا ئويناۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا سەن ئويناۋاتقان جاينىڭ يېنىدىكى چىغىر يول بىلەن كېتىۋاتقان بىر مەلئۇن يېنىڭغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ خۇنۇكلۇك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر خىل ياۋۇزلۇق ئىپادىلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى ئېغى ئوچۇق ئىشتىنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇياتلىق يەرلىرىڭگە تىكىلدى. ئۇنىڭ

ھايۋانىي نەپسى ئۇلجىغا يولۇققان ئاچ بۆرىدەك تاقىلداپ كەتتى. ئاھ تەقدىر، ساڭا بۇ نېمە كەلگۈلۈك؟ ئۇ ياۋۇز تەبىئىيتىنى ئاخىرى ئاشكارىلىدى. سېنى كۆتۈرۈۋېلىپلا قىر بويىغا ئېلىپ ئاستىغا باستى، ساڭا ۋەھشىيلەرچە باسقۇنچىلىق قىلدى. گۈل غۇنچىسىدەك كىچىككىنە نازۇك جىسمىڭ توپىغا مىلەندى. سەن بار ئاۋازىڭ بىلەن ئېچىنىشلىق چىرقىرىدىڭ، بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىدىڭ، ئەمما سېنىڭ زەئىپ ئاۋازىڭنى بەختۋاش شامالLار يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ قاچتى. ئۇنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. شۇ تاپتا چىدىغۇسىز ئاغرىق ناتىۋان قەلبىڭنى ئۆرتەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭغا تارىماقتا ئىدى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيسەن ، سېنىڭ پاك ئىپپىتىڭنى بۇلغۇغۇچى ھايۋان ھېچ ئىش بولمىغاندەك سېنى شۇ يەردىلا تاشلاپ قويۇپ پەرۋاسىزلارچە كېتىپ قالدى. ئاھ، سەن شۇ يەردە مۈكچەيگەن پېتى ئولتۇرۇپ قالدىڭ . سەن نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيۋاتاتتىڭ، چۈنكى سەن بۇ ئىشلارنىڭ نېمىلىكىنى قىلچە چۈشەنمەيتتىڭ، چۈشىنىشكىمۇ ئەقلىڭ يەتمەيتتى. تەختۈشلىرىڭنىڭ سېنىڭ ھالىڭنى كۆرۈپ خەۋەر يەتكۈزۈشى بىلەن ھەدەڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىڭدا پەيدا بولدى. ئۇ تەشۋىش، قورقۇش، تەئەججۈپ ئىلكىدە سېنى قۇچىقىغا ئالغىنىدا پۈت ـ قوللىرى بوشىشىپ، چىدىغۇسىز ئەلەمدىن يۈرىكى مۇجۇلدى، چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ كەتتى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپلىك ياشلىرى كۆزلىرىدىن سەلدەك تۆكۈلدى. ھەدەڭ «110» ساقچىغا مەلۇم قىلىش تېلېفونى ئارقىلىق دېلو مەلۇم قىلدى . ساقچىلار تېزدىن ھەرىكەتلىنىپ جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى. سەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندىڭ، ئەمما

دوختـــۇرخانىغا پـــۇل كېتـــەتتى. ســـىلەرنىڭ تۇرمۇشـــىڭلار غۇربەتچىلىكتــە ئۆتكەچكــە پۇل يــوق ئــىدى. دەل شــۇ چاغــدا خــەلقنىڭ هايــاتى، مــال ـ مۈلكىنــىڭ كاپالەتچىسى بولغــان ج خ ئىدارىسى ساڭا 500 يۈەن ئىئانە قىلىپ سىنىڭ داۋالىنىشىڭنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا سەن بۇ ئىشلاردىن تامامــەن بىخــەۋەر ئــىدىڭ. قــان كــۆپ چىقىــپ كەتكــەنلىكتىن، گــۈلدەك مەســۇم چىرايــىڭ كاككــۇك گــۈلدەك ســارغىيىپ كەتكەنــىدى. بــەدىنىڭ پــۈتۈنلەي بوشىشــىپ كەتكــەن بولــۇپ ، قاياقىقا مىدىرلاتسا شۇ ياققا تاشلىناتتىڭ، چۈنكى سەن بۇ چاغدا سىزىمىڭنى يوقىتىپ پۈتۈنلەي بىهوشلانغان ئىدىڭ . . .

خەيرىيــەت، بولــدىغان ئىشــلار بولــدى. دوختــۇرلار جىــددىي تــەدبىر قــوللىنىش ئــارقىلىق بۆزۈلــۈپ يىرتىلغــان ئىپپــەتلىك پــەرلىرىڭنى تىكتــى، ســىنىڭ هاياتــىڭ قۇتقــۇزۇپ قېلىنــدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. ئىپلاس قىلىقلىرى ئــارقىلىق ســىنىڭ غۇبارســىز، نــازۇك دىلىڭــدا ســاقايماس جاراھــەت ئىزنالىرى پەيدا قىلىپ، پاك ۋۇجۇدۇڭنى بۇلغىغان شەرمەندە (سىڭلىم سەلىمە، ئۇنىڭ ئىسمىنى ساڭا ئوچۇق ئېيتىپ بەرگۈم بار ئىدى، لېكىن ئۆزىدە قىلچىلىك ئىنسانىي غۇرۇر، ئەقىل ئىدراك، ئەخلاق ـ پەزىلەت بولمىغان بۇ مەخلۇقنى پەقەت ئىنسانلارغا خاس ئىسىم بىلەن ئاتاشقا تىلىم بارمىدى ) نى 26 ـ ئاپرېل تەپتىش مەهكىمىسى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشقا تەستىقلىدى. ئۇزۇنغا قالماي سەن ئۇنىڭ قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرىسەن. كۆزۈڭنى ئاچ سەلىمە، بۇ جاهان يەنىلا گۈزەل، پۈتكۈل جاهان ساڭا كۈلۈپ قارايدۇ.

# ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا جەمئىيەتكە چىقىپ كەتكەن قاسىمجان شەھەر تەۋەسىدىكى مەلۇم بىر ئاھالىلەر رايونىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆز قىزىقىشى بىلەن ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ، شوپۇرلۇق قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ مۇشۇ جەريانىدا، شۇ تەۋەلىكتىكى سودا ـ تىجارەت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر قىسىم كادىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئۇستا قاسىمجان بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قاسىمجان، سودا ـ تىجارەت ئىدارىسىنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە قانۇنسىز نېفىت ئايرىش ئورۇنلىرىنى قوروپ، ئۆلچەمسىز نېفىت ئايرىپ ساتىدىغان، قانۇنسىز پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى قوروپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلىدىغان كىشىلەر كۆپىيىپ، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا ئىدى. بۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشلارنى چەكلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەش ئۈچۈن كۆز ـ قۇلاقنىڭ رولىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلەتتى.

قاسىمجان كۆز ـ قۇلاق بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن سودا ـ

تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنى بىر نەچچە قېتىم مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى تەكشۈرۈش داۋامىدا راست بولۇپ چىقتى. سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى بۇ قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۇۋۇلىرىنى پېچەتلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. قاسىمجانمۇ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە يارىشا بەلگىلىك نەپكىمۇ ئېرىشىپ تۇردى.

مۇشۇ جەرياندا قاسىمجان باشقا قېرىنداش ناھىيىلەردىكى سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرىنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرلىرىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇ پۇرسەت تېپىپ ئۇلارنى ئالداپ، پۇل ئوندۇرۇۋېلىش نىيىتىگە كەلدى.

2003 - يىلى 10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. قاسىمجان ئۆزۈنىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن رەزىل نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇپ، ئالدىن بىلىۋالغان تېلېفون نومۇرى بويىچە قوشنا ناھىيىدىكى سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر نەپەر خادىمىغا تېلېفون قىلىپ ئۆزىنىڭ خام نېفىت سودىسى قىلىدىغانلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى، ئازراق ھەق بەرسە ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. تېلېفون قوبۇل قىلغۇچىمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. قاسىمجان دەرھال يولغا چىقىپ ھېلىقى ئادەمنى ئىزدەپ تاپتى- دە، ئۇنىڭغا «ئۆگۈنلۈككە بىر كىشى سىلىنىڭ ناھىيىگە بىر ماشىنا ساختا

ماي چوشۇرىدۇ، مەن شۇ هامان سىلىگە تېلېفون قىلىمەن، سىلى بىرىپ تۇتۇۋالسىلا، شۇڭا مېنىڭ ئۇلار بىلەن ماي سودىسى قىلىشىم ئۈچۈن 2000 يۈەن بەرسىلە» دېدى.

بۇ خادىم قاسىمجاننىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدە، گۇمانلىق تەرەپلەر يوقلۇقىنى پەملىگەندىن كېيىن «ئۇنداق بولسا سىزگە ئالدىدىن 500 يۈەن بېرەيلى قالغىنىنى كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزگە قاراپ نىسبەت بويىچە بېرەيلى» دەپ ئۇنىڭغا 500 يۈەن بەردى. ئۇ تۇنجى ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملانغاندىن كېيىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قاسىمجان يەنە بىر ناھىيىگە بېرىپ، سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ 1500 يۈەن پۇلىنى سوقۇپ كەتتى.

قاسىمجاننىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نەزىرىنى قانۇنسىز پاختا ئىشلەيدىغان شەخسلەرگە قارىتىشقا باشلىدى.

ئۇ ھېلى تاي پاختا ئورايدىغان سىم ساتقۇچى قىياپىتىگە، ھېلى چېگىت سېتىۋالغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە قاتراپ يۈرۈپ، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېنىقلىۋالاتتى-دە، قايتىپ بېرىپلا ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ «مەن سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىكى تۇرسۇنجان بولىمەن، مەن ماشىنا ئەۋەتەي، ماڭا بىر تاي پاختا لازىم بولۇپ قالغان، بەرسىڭىز بىزمۇ يامان كۈنلەردە ئەسقېتىپ قالارمىز»

دىگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى.

سوۋېت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ«كۆزى چۈشكەن» لىكىدىن «سۆيۈنگەن» كىشىلەر ئۇنىڭ تەلپىگە دەرھال ماقۇل بولاتتى. ئۇ بەزىلەرگە تېلېفون قىلىپ «مەن سوۋېت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىكى تۇرسۇنجان بولىمەن، ئىدارىمىز سىزدىن جەرىمانىنى بەك كۆپ ئېلىۋەتتى، سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. شۇڭا ماشىنا ئەۋەتسەم، بىر تاي پاختا بەرسىڭىز، باشلىقلارغا دەپ جەرىمانىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرسەم» دېسە بەزىلەرگە «سىز كۆپ ئاۋارىچىلىككە ئۇچراۋاتىسىز، مەن تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىپ بېرەي، شۇڭا مەن ئەۋەتكەن ئادەمگە 1000 يۈەن بېرىڭ» دەيتتى. ئارقىدىنلا ماشىنا ئەۋەتەتتى، تېلېفون قوبۇل قىلغۇچىلارمۇ شۇ ئىدارىدا شۇنداق ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەچكە تېلېفون قىلغۇچىنىڭ سۆزىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەلپىنى دەرھال بەجا كەلتۈرەتتى، لېكىن قاسىمجان ئۇلار بىلەن بىۋاستە يۈز كۆرۈشمەيتتى. ئەۋەتكەن ئادەملەرگە «مېنى سورىسا جىددىي ئىشى چىقىپ قېلىپ كېلەلمىدى، دەڭلا» دەپ قوياتتى. ئالدانغۇچىلارغا تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپ قوياتتى. ئەمما، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تېلېفون قىلسا ئۇ قالدۇرغان نومۇر يوق بولۇپ چىقاتتى. ئۇ ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەن پاختىنى نەرقىگە چىقىرىپ سېتىپ، پۇلىنى يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتەتتى.

قاسىمجانىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ئەنە شۇنداق توسالغۇسىز ھالدا ئىشقا ئاشماقتا ئىدى. كېيىن ئۇ سېلىم

ئىسمىلىك بىر ئاغىنىسىنىمۇ ئۆزىنىڭ شېرىكى قىلىۋالدى. ئۇ يېرىم يىلغىمۇ يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرىقىدەك، ھىيلە - مىكىرلەر ئارقىلىق سەككىز قېتىم ئالدامچىلىق قىلمىشى سادىر قىلىپ، كوللىكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ 8000 يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى مال - مۈلكىنى ئالداپ ئېلىپ كەتتى.

دۇنيادا مەڭگۈ ئاشكارلاشمايدىغان ئىش يوق، ھەممە ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. قىن - قىنىغا پاتماي كۆرەڭلەپ كەتكەن قاسىمجاننىڭ قىلمىشىمۇ ئاخىرى پاش بولۇپ قالدى.

2003 - يىلى 11- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى پاختا پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى ئابدۇلنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى. ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئېلىشىغا قارشى تەرەپ:

— ۋەي، مەن ناھىيىلىك سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىن ئالىمجان، بىزنىڭ ئىدارە سىزدىن 3000 يۈەن جەرىمانە ئېلىۋەتتى، سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىدى. مەن ئىدارە باشلىقى بىلەن سۆزلىشىپ جەرىمانە پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرەي، ماڭا بىر تاي پاختا لازىم بولۇپ قالدى،بېرىپ تۇرسىڭىز دېدى.

— بولىدۇ، سىز كېلىپ يۈرمەڭ، مەن ئۆزۈملا ئاپىرىپ بېرەي، - دېدى ئابدۇل دەرھال ماقۇل بولۇپ.

— ياق، ياق، سىزنى ئاۋارە قىلماي، مەن ھازىرلا ماشىنا ئەۋەتەي . . .

تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى. ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن. ئابدۇلنىڭ ئىشكى ئالدىغا بىر دانە شىيالى ماشىنا كېلىپ توختىدى.

— ئالمجان سىزنى بىر تاي پاختا بەرمەكچى، ئېلىپ كېلىڭلا، دەپ بىزنى ئەۋەتكەنىدى،- دېدى ئىككى كىشى ماشىدىن چۈشۈپ تەمكىن ئاھاڭدا ئابدۇلغا قاراپ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇل ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن نومۇر بويىچە ئالمجانغا تېلېفون قىلدى. تېلېفوننى قوبۇل قىلغۇچى راستىنلا ئالمجان ئىدى.

— سىز ئەۋەتكەن ئادەمگە ئۇبدان پاختىدىن بىر تاي بېسىپ بەردىم، — دېدى ئابدۇل قارشى تەرەپكە ئۆزگىچە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇپ.

— نېمە؟ — دېدى قارشى تەرەپ ھەيران بولغىنىچە، — مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا بىر كىمنى ئەۋەتمىدىم، ماڭا پاختىمۇ لازىم ئەمەس، سىز ئالدامچىغا ئۇچراپسىز. دەرھال قوغلاپ تۇتۇپ ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئابدۇل لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى، ئۇ پاختا ئېلىپ كەتكۈچىنى بىردەم ئىزدەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تاپالمىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئابدۇل ناھىيىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىغا بېرىپ ئالمجانغا بولغان ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى.

بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان ئالمجان دەرغەزەپكە كېلىپ، بۇ ئىشنى دەرھال ئىدارە مەسئۇللىرىغا، دوكلات قىلدى . سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى خادىملىرىنىڭ نامىنى سېتىپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈپ ئالدامچىلىق

قىلغان قىلمىشىنى ئاڭلىغان ئىدارە مەسئۇللىرىنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن بىر قۇر ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق زور گۇماننى ئۆزلىرى كۆز - قۇلاق قىلىپ ئىشلەتكەن قاسىمجانغا مەركەزلەشتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ قاسىمجاننى ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇلار قاسىمجاننى بىر نەچچە كۈن جاپالىق ئىزدىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنى تاپالمىدى. قاسىمجان خۇددى قومغا چۈشكەن تەڭگىدەك ئۇن - تىنسىز غايىب بولغانىدى.

قاسىمجاننى ئىزدەش توختىماي داۋاملاشتى، سوپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىكى خادىملار بىلەن شۇ تەۋەلىكتىكى ساقچىخانىنىڭ ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاسىمجان يوشۇرۇنۇۋالغان جايىدا قانۇن تورىغا چۈشتى. قولغا ئېلىنىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش باسقۇچىدا شېرىك گۇماندار سېلىممۇ قانۇن تورىغا چۈشتى.

جىنايەت گۇماندارى قاسىمجان بىلەن سېلىم 2004 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

# مېهنەت ئىگىسىگە سوزۇلغان قارا قول

بۇ يىل يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرگەن ۋاڭ خۇڭ ئىككى يىل ئىلگىرى پۇل تېپىش ئۈچۈن خېنەن ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا كەلگەنىدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت بىر ناھىيە بازىرىغا كېلىپ ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق تىجارىتى چاچ يىغىپ سېتىش ئىدى. ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە چىنە ـ قاچا، سۇلياۋ شوينا، داس، چەينەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئارتىپ سەھەردە ئۆيدىن چىقىپ كەتسە كەچ قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاياللارغا خاس زىل ئاۋازدا «چاچ بارمۇ؟» دەپ توۋلىغان ئاۋازى يېزا ـ قىشلاقلاردا دېگۈدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دېھقان ئاياللىرىنىڭ يىغىپ قويغان قاقچىلىك، ياخاقچىلىك چاچلىرىنى چىنە ـ قاچىلارغا تېگىشىپ ئېلىپ كېلىپ سېتىپ خەجلەيتتى. باياشات دېگىلى بولمىسىمۇ ھالى قۇدرەت تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، خاتىرجەم ئۆتىۋاتاتتى. 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېل، كۈن قايرىلغان ۋاقىت ئىدى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۆپ ـ كۆك ئاسمان ئەينەكتەك پارقىرايتتى. ۋاڭ خۇڭ ئادىتى بويىچە ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ، بىر قولىدا كىچىك دۇمبىقنى تاراقلىتىپ توۋلىغىنىچە، ئىككى چېتى بۈككىدە ئېتىزلىقلار بىلەن ئورالغان يېزا يولىدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئېتىزلاردىكى باراقسانلاپ ئۆسىۋاتقان ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرى باش باھارنىڭ سەلكىن شامىلىدا يېنىك

تەۋرىنەتتى. ۋاڭ خۇڭ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە تەكشى نەزەر سالغىنىچە بىردەم دۈمبىقىنى تاراڭلاتسا، بىردەم «چاچ بارمۇ؟» دەپ توۋلاپ قوياتتى. ئۇ شۇ تەرىزدە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇقسىز بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردىكى ئۈچ نەپەر ياش ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ۋاڭ خۇڭنى قورقۇنچ باستى. ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋېلىسىپىتنى تېز ـ تېز ھەيدەشكە باشلىدى. ئۇ ئىتتىك مېڭىپ ئۇلاردىن ئۇزاپ كېتىشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئويى كۆپۈككە ئايلاندى. ھېلىقى ئۈچ كىشىمۇ ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلاردىن بىرى ۋاڭ خۇڭغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئاڭغىچە قالغان ئىككىيلەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۈلگۈردى. ئەسلىدە ئۇلار شۇ يەرلىك ئابلەت، تۇرغۇن، ئەسقەر قاتارلىق ئىش ـ ئوقەتسىز تايىنى يوق، لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپلەر ئىدى. ئۇلار ۋاڭ خۇڭنىڭ ئېتىزلىقلار ئارىسىدا يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئاۋۇ خەنزۇدا پۇل جىق، پۇلنى بۇلاپ ئېلىۋېلىپ، باشقا جايلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىپ پەيزى قىلمايلىمۇ» دېيىشىپ، ئۇنى بۇلاش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

ئۇلار ۋاڭ خۇڭنى توختاتقاندىن كېيىن، ئابلەت ۋاڭ خۇڭنىڭ گېلىنى سىققىنىچە يول چېتىدىكى بوغداي ئېتىزىغا يىقىلدۇردى. ۋاڭ خۇڭ قارشىلىق قىلىپ تىركەشكەن بولسىمۇ

كۆچى يەتمىدى. نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ۋاڭ خوڭ «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئابلەت شۇئان يېنىغا ئېسىۋالغان پىچىقنى غىلابتىن سۇغۇرۇپلا ۋاڭ خوڭنىڭ مەيدىسىگە چىنىدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ۋاڭ خوڭنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ كەتتى. پىچاقنىڭ ئۆتكۈر بىسىدىن تارالغان كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئەنسىز گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى تىلىپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. ۋاڭ خوڭنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز گەپ قىلغۇدەكمۇ جۈرئىتى قالمىغانىدى. ۋاڭ خوڭنىڭ جالاقلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابلەت پىچاقنى ئاستا غىلابقا سېلىۋېتىپ، ۋاڭ خوڭنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ ئولتۇردى. ۋاڭ خوڭنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، تىنغۇدەكمۇ ماجالى قالمىدى.

— ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇڭلار ، — دېدى ئابلەت يېنىدا تۇرغان ئىككىيلەنگە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ، — يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ پۇل بولسا ئېلىڭلار.

ئابلەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇرغۇن، ئەسقەرلەر ۋاڭ خوڭنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى. تۇرغۇن ۋاڭ خوڭنىڭ چاپان يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ئىچ يانچۇقىدىن بىر دانە كۈمۈش رەڭلىك يانفونىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئابلەت ۋاڭ خوڭنىڭ يانچۇقىنى چالا قويماي ئاختۇردى. ۋاڭ خوڭنىڭ يانچۇقىدىن ئاران 19 يۈەن 30 پۇڭ چىقتى. ئابلەت بۇ پۇلنى ئېلىپ تۇرغۇنغا بەردى. تۇرغۇن پۇلنى ئېلىپلا قېچىپ ماڭغانىدى، ئابلەت ئۇنى چاقىرىپ قايتۇرۇپ كەلدى. شۇ تاپتا ئابلەتنىڭ ئاستىدا ياتقان ۋاڭ خوڭ خۇددى

باسماققا چۈشكەن قۇشقاچنەك ئاجىز تىپىرلىماقتا ئىدى . . . . .

ئابلىەتنىڭ يەنە نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ ياۋۇز ۋۇجۇدىدا قۇترا ۋاتقان شەھۋانىيلىقنىڭ ئەسەبىي تۇيغۇلىرى نېرۋىلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى، ئۇ ئەسقەرگە تىكىلىپ قارىغىنىچە:

— ماۋۇ خەنزۇنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇر، — دېدى ۋاڭ خۇڭنىڭ كۆكرىكىگە مىنىپ ئولتۇرغان پېتى.

ئەسقەر قىلچە ئىككىلەنمەيلا ۋاڭ خۇڭنىڭ ئىشتىنىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ سالدۇرۇۋەتتى. كۈپكۈندۈزدە، كەڭرى دالادا ئابلەت ۋاڭ خۇڭغا شەپقەتسىزلەرچە باسقۇنچىلىق قىلدى. ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان تۇرغۇن بىلەن ئەسقەرلەر بولسا قىلچە خىجىل بولماستىن، ۋاڭ خۇڭنىڭ ئىككى قولىنى بىردىن تۇتۇپ بەردى.

پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ۋاڭ خۇڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ «يانفونۇمنى قايتۇرۇپ بەر» دېگىنىچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئارقىسىدىن بىردەم مېڭىپ باقتى، لېكىن ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. ئۇلار تېز - تېز قەدەملەر بىلەن ۋاڭ خۇڭدىن يىراقلاپ كەتتى.

قىلچىلىك ئەدەپ - ئەخلاق، قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشى بولمىغان بۇ ئۇچەيلەن شۇ ماڭغىنىچە ئۇياق - بۇياقنى چۆرگىلەپ لاغايلاپ ئويىنىدى. بىرگە تاماق يېيىشتى. كەچكە يېقىن ئۇلاردىن بىرى ئۆز ئۆيىدىن بىر دانە ئۆردەكنى ئوغرىلاپ چىقتى. كەچتە ئۇلار يەنە بىر ئۆينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ توخۇ ئوغرىلاپ چىقتى. بۇ نەرسىلەرنى پىشۇرۇپ يېيىش ئۈچۈن ئۇلار

بىر ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، شاخ ـ شۇمبىلارنى تىرىپ ئوت قالاپ ئولتۇرۇشتى. قىلغان ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشىپ، كۆلكە ـ چاقچاقخا چۈشۈپ كەتتى. قارىغاندا ئۇلار ئۆز غەلىبىسىدىن سۆيۈنۈپ تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ شادلىق كۈلكىلىرىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي ۋاقىتسىز ئۆچۈپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

رەزىللىك، پەسكەشلىكنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ. قاتتىق خورلۇق ئازابى تارتقان ، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان ۋاڭ خۇاڭ ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ساقچىخانىغا كېلىپ دېلو مەلۇم قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ جاپالىق ئەجرى مېۋىسىگە كەلگەن يانفونىنىڭ بۇلاپ كېتىلگىنىگە ئۆكۈنۈپ، يامغۇردەك ياش تۆكمەكتە ئىدى.

دېلو ئەھۋالى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىندى. دېلودىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى دەرھال كۈچ تەشكىللەپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. دېلو ناھايىتى تېزلىكتە پاش قىلىندى. ئابلەت، تۇرغۇن، ئەسقەرلەر «پۇل بۇلاپ كۆڭۈل ئېچىپ پەيزى قىلىمىز» دېگەن شېرىن چۈشتىن ئويغىنىپ بولماي تۇرۇپلا ماھىر رازۋېدكىچىلارنىڭ ئۆتكۈر قارمىقىغا ئىلىنىپ قالدى. زاڭ ماللار تولۇق قولغا چۈشۈرۈلدى.

جىنايەت گۇماندارى ئابلەت، تۇرغۇن، ئەسقەرلەر 2004 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق جىنايىتى بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ، 8 ـ ئاپرېل تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

يىقىنىدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەزكۇر دېلوغا قاراپ چىققاندىن كېيىن جاۋابكار ئابلەتنىڭ بولاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك ئون ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 1500 يۈەن جەرىمانە قويۇش؛ جاۋابكار تۇرغۇننىڭ بولاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك توققۇز يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 1500 يۈەن جەرىمانە قويۇش، جاۋابكار ئەسقەرنىڭ بولاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك ئۈچ يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى بېرىپ، قوشۇمچە 1000 يۈەن جەرىمانە قويۇش توغرىسىدا بىرىنچى سوت ھۆكۈمى چىقاردى.

# بۇلانغان يانفون پاش قىلغان دېلو

ئىچكىرى ئۆلكىدىن پۇل تېپىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن فەن شىياۋچاڭ بىلەن جاڭ شىياۋبو ئاقسۇ شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇلار بىر مەزگىل ئىش ـ ئوقەت ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر ئىش تاپالمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئېغىر ئىش قىلىشنى پەقەت خالىمايتتى. كۈنلىرىنى بىر مەزگىل بىكار لاغايلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ئىككىيلەن ئاخىرى خوتەن شەھىرىگە كېلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇلار خوتەن شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك، بۇ يەردىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش تېپىلمىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىمۇ قۇرۇقدىلىپ قېلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاخىر تاكسى شوپۇرلىرىنى بۇلاپ، ئاقسۇغا قېچىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پېشىن مەزگىلى ئىدى، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ باھار پەيزىگە چۆمگەن خوتەن شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. فەن شىياۋچاڭ بىلەن جاڭ شىياۋبو بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ خوتەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار دوختۇرخانا

ئالدىغا كېلىپ ـ كېتىۋاتقان تاكسىلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايتتى. ئەتراپقا تەقەززالىق بىلەن نەزەر سالاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار كۆكلىگە ياققۇدەك بىرەر ئولجا ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر چاغدا ئۇلار قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان «شىيالى» ماركىلىق كىرا ماشىنىسىنى توستى. شۇنچە كۆپ كىرا ماشىنىلىرى ئىچىدىن ئۇلار مۇشۇ ماشىنىنى تاللىغانىدى. چۈنكى، بۇ ماشىنىغا بىخەتەرلىك توسىقى ئورنىتىلمىغانىدى. بۇ ماشىنا خوتەن شەھىرىدە كىراكەشلىك قىلىدىغان ئابدۇلېتىپنىڭ ماشىنىسى ئىدى. فەن شىياۋچاڭ بىلەن جاڭ شىياۋبو ئۆزلىرىنىڭ ئېلىشىپشى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇلېتىپ ئۇلارنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. ئۇلار كىرا ھەققىنى پۈتۈشكەندىن كېيىن، يولغا راۋان بولدى. فەن شىياۋچاڭ ئابدۇلېتىپنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. جاڭ شىياۋبو ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى.

ماشىنا ئىككى چېتى بوككىدە دەرەخلەر بىلەن قورشالغان يېزا يولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. فەن شىياۋچاڭ بىلەن جاڭ شىياۋبو ئابدۇلېتىپقا قول سېلىشقا ئالدىرايتتى. لېكىن، بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن، يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان كۆجۈم مەھەللىلەر ئۇلارغا قول سېلىش پۇرستى بەرمەيۋاتاتتى.

ئالاھەزەل، بىرەر سائەتتەك يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار ئېلىشىپشى سۇ قۇرۇلۇش تۈگۈنىگە يېتىپ كەلدى.

— بىزنىڭ بارىدىغان يېرىمىز بۇ ئەمەس ئىكەن، — دېدى فەن شىياۋ چاڭ ئابدۇلېتىپقا قاراپ، — ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى.

ماشىنا دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزا تەۋەسىگە كىردى. ماشىنا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر دوقمۇشقا كەلگەندە فەن شىياۋچاڭ ئابدۇلېتىپقا ماشىنىنى سول تەرەپكە ھەيدەشنى ئېيتتى. ئابدۇلېتىپ ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ماشىنىنى سول تەرەپتىكى يولغا بۇرىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ماشىنا بىر قاقاس سايلىققا چىقىپ قالدى، سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى يول خۇددى يىلاندەك سورۇلۇپ ياتاتتى. غەرب تەرەپتە كۆككە باش تىرەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئېگىز - پەس چوققىلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇلېتىپ ماشىنىنى توختاتتى.

— مەن ئەمدى ماڭمايمەن، — دېدى ئابدۇلېتىپ ماشىنىدىكىلەرگە ، — مەن سىلەرنى ئېلىشىپشىغا ئاچىقىپ قويۇشنى دېيىشكەن.

— بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ كەتسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ئۇلار بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — بىز قانداق قىلىمىز، بۇ يەرنى ئەمدى تونۇدۇق، بىزنىڭ بارىدىغان يېرىمىزگە مۇشۇ يول بىلەن بارىمىز، بىز بۇ يەرلىك بولمىغاچقا يەر ناملىرىنى بىلمەي مۇشۇنداق ئېزىپ قالدىكەنمىز، ساڭا يەنە كىرا قوشۇپ بېرەيلى، بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ قويماي ئاپىرىپ قويغىن.

«بۇلارنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ كەتسەم قانداق كېتەلەيدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئابدۇلېتىپنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يۇمشاپ ماشىنىنى يەنە قوزغىدى.

ماشىنا ئۆرۈنغا سوزۇلغان يىلان باغرى ساي يولىدا ئۆچقاندەك ئالغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ئەتراپتا ئىنس - جىننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. فەن شياۋچاڭ بىلەن جاڭ شياۋبوننىڭ سۆز تەلەپپۇزى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇلار ئابدۇلېتىپ چۈشىنەلمەيدىغان شىۋىلەردە سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئابدۇلېتىپنىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز ئېغىپ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ چىرمىدى. ئۇ سۈر بېسىپ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان پۇتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ماشىنىنىڭ ماي تەپكىسىنى تېخىمۇ قاتتىق دەسسىدى. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتكەچكە، فەن شياۋچاڭ بىلەن جاڭ شياۋبو قول سېلىشقا پېتىنالمىدى.

— ماشىنىنى توختات، مەن تەرەت قىلىۋالاي، — دېدى فەن شياۋ چاڭ ئابدۇلېتىپقا قاراپ يېلىنغان قىياپەتتە.

ئابدۇلېتىپ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ماشىنىنى ئوخشاش سۈرئەتتە ھەيدەۋەردى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپتە ئېشەك ھارۋىسى ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر دېھقان كۆرۈندى. ئابدۇلېتىپنىڭ پۇت - قولىغا جان كىردى. ئۇ ھېلىقى دېھقانغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ماشىنىنى توختاتتى. ماشىنىدىكىلەر يەرگە چۈشۈپ سەل نېرىغا بېرىپ تەرەت قىلدى.

— ئاكا، بۇ يول بىلەن قەيەرگە بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇلېتىپ ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن دېھقاندىن.

— بۇ يول بىلەن بوستان كۆلگە بارىسىز، — دېدى ھېلىقى دېھقان ، — ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن دەرەخلىك بوستان كۆل دېگەن شۇ، — دېھقان يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن دەرەخلىكنى

كۆرسـەتتى. ئـۇنىڭ كۆرسـەتكىنى 315 - نومۇرلـۇق دۆلـەت تاشيولى بويىغا جايلاشقان كىچىككىنە بوستانلىق ئىدى.

— ئۇ يەردە ئادەم بارمۇ ؟

— بولمامدىغان ئۇكام، ئۇ يەردە كىچىككىنە كالتە بازارمۇ بار.

دېھقان شۇنداق دەپ قويۇپ يولغا راۋان بولدى، ئابدۇلېتىپمۇ ھېلىقى ئىككىيلەننى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ماشىنا قوزغىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جاك شياۋ تەرەت قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇلېتىپ ئۇلارنىڭ ھازىرلا تەرەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ماشىنىنى ھەيدەۋەردى. جاك شياۋ بو ئۆزىنىڭ يۇۋا ئىچكەنلىكىنى، قورسىقىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. فەن شياۋ جاك «ماشىنىنى نېمىشقا توختاتمايسەن» دەپ ئابدۇلېتىپقا گۈلەيدى. ئۇنىڭ شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەن ئابدۇلېتىپنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەستىن ماشىنىنى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ھەيدەشكە باشلىدى.

بوستان كۆلنىڭ دەل - دەرەخلىرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. توساتتىن ماشىنا يول ئۈستىدىكى ئويمان يەردە بىر نەچچە مېتىر يەرگىچە يىغىلىپ قالغان سۇغا دۈچ كېلىپ قالدى. ئابدۇلېتىپنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ سۈرئەتنى ئاستىلاتمىسا خەۋپ - خەتەر چىقىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئامالسىزلىقتىن ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى. ماشىنا ئىنتايىن ئاستا سۈرئەتتە، سۇدىن ناھايىتى تەسلىكتە چىقتى. ماشىنا سۇدىن چىقىپ بولۇشىغىلا ماشىنىدىكىلەر «ئەھە» دەپ سىرلىق بەلگە

بېرىشتى ـ دە، كەينى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان جاك شىياۋبو «كاپ» قىلىپلا ئابدۇلېتىپنىڭ كانىيىدىن سىقتى. ئاڭغىچە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان فەن شىياۋ چاڭ ئېتىلىپلا ئابدۇلېتىپنى قۇچاقلاپ باستى.

ئابدۇلېتىپنىڭ سۈرئەتنى تېزلىتىش ئۈچۈن خوتقا سوزۇلغان قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. ئۇ تووۋلاپ، ۋارقىراپ جان ـ جەھلى بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسىگە تەڭ كېلەلمىدى. ماشىنا توختىدى، ئۇلار ئابدۇلېتىپنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ ماشىنا ئورۇندۇقىغا سېلىنغان لۆڭگە ئەدىيال بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئارقىدىن پۇتىنىمۇ چىڭ باغلىۋەتتى، ئارقىدىن مۇشت بىلەن ئابدۇلېتىپنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى، ئابدۇلېتىپنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالدى. فەن شىياۋچاڭ بىلەن جاك شىياۋبو ئابدۇلېتىپنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ 150 يۈەن نەق پۇلنى ئېلىۋالدى، ئارقىسىدىن ئۇنىڭ يانفونىنىمۇ ئالدى. شۇ چاغدا ئۇلار يىراقتىن بىر كىشىنىڭ موتسىكلىت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. فەن شىياۋچاڭ ئابدۇلېتىپنىڭ بوينىدىن كەينىگە قايرىغىنىچە ئورۇندۇققا باستى. جاك شىياۋبو ماشىنىنى ھەيدەپ يولدىن چىقىپ، سولغا بۇرۇلۇپ سايلىقنى كېسىپ مېڭىشقا باشلىدى. ماشىنا ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەردىن سىلكىنىپ ئۆتۈپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئابدۇلېتىپنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈپ بىر دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە ئېلىپ باردى. شۇ تاپتا ئابدۇلېتىپنىڭ كۆڭلىدە تۈرلۈك ۋەھىمە ئارىلاشقان قورقۇنچلۇق خىياللار ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

— نىمە ئالساڭلار ئېلىڭلار، ماشىنىنىمۇ ئېلىپ كېتىڭلار مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئۆلتۈرمەڭلار . . .

ئابدۇلېتىپ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە قىلىپ يالۋۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئابدۇلېتىپنى ھېلىقى دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىغا تاشلاپ قويۇپ ماشىنىنى ھەيدىگەن پېتى كۆزدىن غايىب بولدى.

ئابدۇلېتىپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزغان پېتى بىر نەچچە مىنۇت ياتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىقا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ يەرگە سۈرلۈك تۈس بېرىپ تۇرغان ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى بىلەن شېغىل تاشلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ دۆڭلۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتمىسە، ئۇنى بىرەر كىشىنىڭ كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە قوللىرىنى مىدىرلىتىشقا باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ لۆڭگە ئەديال بىلەن باغلانغان قوللىرى ئاخىرى بوشىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە پۇتىنى يېشىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، بايا كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇلېتىپ يولغا كەلگەندە ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا ئۈچ كىشى موتسىكلىت بىلەن ئۇ تۇرغان تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— مېنى تېلېفون بار يەرگە ئاپىرىپ قويغان بولساڭلار، — دېدى ئابدۇلېتىپ ئۇلارغا يېلىنىپ .

— نېمە ئىش بولدى؟، — دەپ سورىدى ئۇلار تەڭلا.

— ئىككى ئادەم مېنى ئۇرۇپ ، ماشىنامنى بۇلاپ كەتتى.

— هوي، ئۇ قانداق ماشىنا ئىدى؟

— قىزىل رەڭلىك شىيالى ئىدى.

— ئۇنداق بولسا ئاۋۇ يەردىكى جىگدىلىك يېنىدا بىر دانە قىزىل شىيالى تۇرىدۇ.

ئۇلار ئابدۇلېتىپنى موتسىكلىتقا مىندۈرۈپ ماشىنا يېنىغا ئېلىپ باردى. ماشىنا دەل ئابدۇلېتىپنىڭ ماشىنىسى ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇلېتىپنىڭ كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرماقچى بولۇۋىدى، ئاچقۇچنى تاپالمىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى، ئەمما ماشىنىنىڭ رول قۇلۇپى ئېتىكلىك تۇراتتى. ئۇلار ئامالسىز بوستان كۆلگە كېلىپ تېلېفون ئارقىلىق سايباغ يېزىلىق ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلدى.

دېلودىن خەۋەر تاپقان قاراقاش ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكىچى خادىملىرى دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، ھاۋامۇ ئابدۇلېتىپنىڭ مىسكىن كۆڭلىدەك بۇزۇلۇپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى.

رازۋېدكىچىلار بىر نەچچە سائەت جاپالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن جىنايەت گۇماندارلىرىغا ئائىت ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. ئارىدىن بىر - ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما تەكشۈرۈش توختاپ قالمىدى.

9 - ئايغا كەلگەندە رازۋېدكا خادىملىرى جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى ئارقىلىق بۇلانغان يانفوننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم يىپ

ئۇچىغا ئېرىشتى. ئۇلار دەرھال ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاقسۇ ج خ تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ جىنايەت گۇماندارى فەن شياۋ چاڭنىڭ باشقا شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ زەخمىلەندۈرۈش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقتىن ج خ ئورگىنى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم ئۇچۇرغا ئىگە بولدى.

فەن شياۋچاڭ قولغا چۈشتى، ئۇزۇن ئۆتمەي جاڭ شياۋ بومۇ قولغا چۈشتى. جىنايەت گۇماندارى فەن شياۋچاڭ بىلەن جاڭ شياۋبو يالاپ كېلىنىپ 2003 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

بىرىنچى سوتتا جاۋابكارلارنىڭ بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۇچۇن ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇددەتلىك 14 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىپ 1000 يۈەندىن جەرىمانە قويۇش ھۆكۈم قىلىندى.

# كېچىدە قۇتۇرغان مەلئۇنلار

قىرىق بەش ياشلاردىن ھالقىغان مۆمىن ئاخۇن خېلىدىن بېرى بويتاق يۈرۈۋاتاتتى. ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان بۇ كىشى ئىسمى - جىسمىغا لايىق خۇدانىڭ مۆمىنى ئىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ قېتىپ قالغان ۋۇجۇدىدا مۇھەببەتنىڭ كىشىنى مەست قىلغۇچى لەززەتلىك تۇيغۇلىرى قايتىدىن بىخلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى ئۈچ ياشلىق قىزى بىلەن بىرگە تۇل ئولتۇرۇۋاتقان ئوتتۇز ياشلىق سارىخان ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى. بېرىش - كېلىشنىڭ بارغانسېرى كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇلار ئاخىرى توي قىلىشقا پۈتۈشتى. بوگۈن كەچتىمۇ ئۆز ئۆيىدە يالغۇزلۇق ھېس قىلغان مۆمىن ئاخۇن مەھبۇبىسى سارىخان بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ دەل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچ ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان مۆمىن ئاخۇن سارىخاندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا:

— مەن قايتاي ، — دېدى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ .

— بۇ كېچىدە نەگە باراتتىڭىز، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ، — دېدى سارىخان خۇمارلىق كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ مۆمىن ئاخۇنغا قاراپ. سارىخاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر سېزىم تارقىغاندەك بولغان مۆمىن ئاخۇننىڭ يۈرىكى شۇررىدە

ئېرىپ كەتتى .

ــ شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، لېكىن سەت تۇرمىسۇن، توي قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىللە . . . ، ــ مۆمىن ئاخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ، خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارغىنىچە گەدىنىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالدى.

ــ ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز، بۇگۈن قىزىمنىڭ مىجەزى يوق، ئاغرىپ قالغان، شۇڭا ھەمراھ بولۇپ قونۇشۇپ بېرىڭ دەۋاتىمەن.

شۇنداق قىلىپ مۆمىن ئاخۇن سارىخاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى .

كېچە تەخىگە ئۆلىشاي دېگەن بىر چاغدا سارىخاننىڭ قۇلۇپلانمىغان ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى ـ دە ، كۇچلۇك ، قاۋۇل بىر گەۋدە شىپىرلاپ كىلىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سارىخاننى ياتقان يېرىدىن يۇلۇۋېلىپ كۆتۈرگەن پېتى ھويلىغا ئېلىپ چىقتى . ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ مەھەللىلىك بىكار تەلەپ، مۇتتەھەم ئوسمان ئىدى. قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان سارىخاننىڭ بەدەنلىرى قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كەتتى. ئۇ بىر قولىدا ھويلىدىكى تۈۋرۈككە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ «مۆمىن ئاخۇن، مۆمىن ئاخۇن! » دەپ قاتتىق توۋلىۋەتتى. شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان مۆمىن ئاخۇن خۇددى يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بىر زەئىپ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى ـ دە، قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىپ سىرتقا يۈگۈردى. مۆمىن ئاخۇن ئۆيدىن چىقىپ بولغۇچە ئوسمان سارىخاننىڭ قولىدىن تارتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئوسمان ئىلگىرىمۇ داۋاملىق ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىپ

يورۇيدىغان مەھەللە زومىگىرى ئىدى. شۇڭا، كۆپ قېتىم تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرتمىگەنلىكتىن ج خ ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيلەشكە ئەۋەتىلىپ، كېسەللىك سەۋەبىدىن مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن كېيىللىككە قويۇپ بېرىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ مۆمىن ئاخۇندەك ئادەملەرنى كۆز قىرىغىمۇ ئىلىپ قويمايتتى. مۆمىن ئاخۇن قولىدىكى كالتەكنى كۆتۈرگەن پېتى ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ تەمتىرەپ قالدى. چۈنكى، قولىغا كالتەك ئالغىنى بىلەن ئۇنىڭدا بىر كىمنى ئۇرغۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى . ئوسمان مۆمىن ئاخۇننىڭ كالتەك ئىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ :

ــ ھەي سەن مايماق تېخى مۇشۇ كالتەك بىلەن مېنى ئۇرغىلى كەلدىڭما؟ ــ دېگىنىچە بىر قولىدا مۆمىن ئاخۇننىڭ قولىدىكى كالتەكنى مەھكەم تۇتۇپ تارتىپ ، يەنە بىر قولى بىلەن مۆمىن ئاخۇننىڭ قاپىقىغا بىرنى ئۇردى ۋە كالتەكنى تارتىۋېلىپلا بوينىغا يەنە بىرنى ئۇردى. مۆمىن ئاخۇن مۇشۇ چاغدىلا ئالدىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئوسمان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇددى چوڭ بىر گۇناھ سادىر قىلىپ قويغان كىشىدەك : «خاپا بولماڭ ئۇكام ، مېنى ئۇرماڭ» دېگىنىچە ئوسماندىن ئەپۇ سوراپ يېلىنىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئىككى ئەر ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ چىققان ھاراقنىڭ سېسىق بۇسى كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. ئۇلار ئوسماننىڭ مۇشۇ مەھەللىلىك ئاغىنىلىرىدىن قاھار، مۇراتلار ئىدى. بۇ ئۈچ ئادەم ئەسلي شۇ ئاخشىمى ئوسماننىڭ ئۆيىدە ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، يەنە ھاراق ئىچىش ئۈچۈن بىر موتىسىكىلىتقا مىنىپ قوشنا يېزىغا قاراپ يولغا چىقىپ

ساربخاننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، موتسىكلىت بۇزۇلۇپ قېلىپ توختىغانىدى. قاھار بىلەن مۇرات موتسىكلىت بىلەن ھەپىلىشىپ قالغاندا ئوسمان ساربخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى ئىسسىق يوتقان ئىچىدە شېرىن ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن سۆغۆرۈپ ئېلىپ چىققانىدى. ئوسمان مۆمىن ئاخۇننىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقانىدى.

— مىنىڭ بىر قويۇم يوقاپ كەتكەنىدى، سەنلەر ئوغرىلاپ يېيىشىپسەن، ئىككىڭ قانچىلىكتىن يېدىڭ؟ — دېدى ئوسمان ئالدىدا بىچارىلەرچە دۈگدىيىپ تۇرغان ساربخان بىلەن مۆمىن ئاخۇنغا سۇرلۇك قاراپ.

— ياق، بىز سىزنىڭ قويىڭىزنى ئوغرىلاپ يېمىدۇق، — دېدى ساربخان تىترەڭگۈ ئاۋازدا .

— يالغان ئېيتىشما، ھەي، مۆمىن دېگەن مايماق قوتۇر، سەن بۇ كېچىدە بۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدە نېمىش قىلىسەن؟

— بىز . . . بىز توي قىلماقچى بولغان، — دېدى مۆمىن ئاخۇن دۇدۇقلاپ .

— ھىم، توي قىلماقچى بولغان؟ ئۇنداق بولسا توي خېتىڭنى چىقار، توي خېتىڭ قېنى؟

— تويلۇق ئېلىپ بولغان ، تېخى توي خېتى ئالمىغان.

— خوش، توي خېتى ئالماي قانۇنسىز بىر ئۆيدە ئولتۇردۇق-دە؟

ئوسمان خۇددى بىر قانۇن ئىجرا قىلغۇچىدەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۇرلۇك گىدىيىپ ھەيۋە كۆرسەتمەكتە ئىدى .

ھەر ئىككىڭ ياۋاش بولۇپ ئالدىمدا مېڭىش، مەن سەنلەرنى

ھازىرلا ساقچىخانىغا ئېلىپ بارىمەن، مېڭىشقا ! ــ ئوسمان شوڭداق دېگىنىچە قولىدىكى كالتەكنى ئالدىدا خۇددى گۇناھكاردەك بىچارىلەرچە شۈمشىيىپ تۇرغان سارىخان بىلەن مۆمىن ئاخۇنغا شىلتىدى. سارىخان بىلەن مۆمىن ئاخۇن غىڭ قىلماي ئوسماننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئوسمان كۆرسىتىپ بەرگەن بۇكىكىدە ئۆسكەن قوناقلىق ئارىسىدىكى كىچىك يول بىلەن ئاستا ماڭدى. قاھار بىلەن مۇراتمۇ ئوڭشالمىغان موتسىكلىتىنى يېتىلەپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە قوتۇلۇشقا پۇرسەت ئىزدىگەن سارىخان قوناقلىق ئىچىگە غىپپىدە يوشۇرۇنۇۋالدى.

ــ ھوي، قېنى ئۇ جالاپ؟ ــ دەپ توۋلىدى ئوسمان يېنىدىكىلەرگە.

ــ قوناقلىققا يوشۇرنۇۋالدىمىكىن ،ــ دېدى مۇرات جاۋابەن .

ــ دەرھال تېپىپ چىق، ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى ئوسمان مۇراتقا.

ئوسماننىڭ ھەربىر سۆزىنى جان دەپ ئىجرا قىلىدىغان مۇرات قويۇق ئۆسكەن قوناقلىق ئارىسىدا يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ دەل قورققىنىدىن خۇددى كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالغان سارىخان ئىدى. مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ «قوپە جالاپ» دەپ سارىخاننىڭ كۆكرىكىگە بىرنى تېپىپ، گەجگىسىدىن قامالللىغىنىچە يولغا ئېلىپ چىقتى .

ــ نەگە قاچماقچىدىڭ سېسىق جالاپ؟ ــ دېدى ئوسمان سارىخاننىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ۋە ئالقىنى بىلەن يۈزىگە «چاڭ» قىلىپ قاتتىق بىرنى ئۇردى. سارىخاننىڭ كۆزلىرىدىن

ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ «ۋايجان!» دەپ يۈزىنى تۇتۇپ بولغۇچە
ئوسمان قولىدىكى كالتەك بىلەن سارىخاننىڭ ساغرىسىغا
قاتتىق بىرنى ئۇردى. سارىخان ئەلەملىك ئىڭرىغىنىچە
ئولتۇرۇپ قالدى. توخۇ يۈرەك مۆمىن ئاخۇن بولسا قورقىنىدىن
لام - جىم دېيەلمەي، خۇددى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك جالاقلاپ
تىترەپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۇلار بىردەم
ماڭغاندىن كېيىن قوناقلىق ئارىسىدىكى يولدىن ئۆتۈپ
كەتتىنىڭ چوڭ يولىغا چىقتى. كەنت يولىنىڭ بىر تەرىپى
ئۆستەڭ بولۇپ، شىرىلداپ ئاققان ئۆستەڭ سۈيىلا كېچە
جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇلار كەنت يولىدا بىردەم
ماڭغاندىن كېيىن ئوسمان ئۇلارنى توختىتىپ:
— ئۆيۈڭدە توخۇ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى سارىخاندىن.
— بار، — دەپ جاۋاب بەردى سارىخان .
— ئۇنداق بولسا مۆمىن ئاخۇن بىرىپ بىرنى تۇتۇپ
ئەكەلسۇنمۇ؟
— ئەكەلسۇن .
— سارىخان نامرات تۇرسا ، ئۇنداق قىلماڭلار، — دېدى بىر
چەتتە تىترەپ تۇرغان مۆمىن ئاخۇن زۇۋانغا كېلىپ.
— ھەي مايماق، توخۇنىڭ ئىگىسى بېرىشكە چىدىسا، سەن
نېمە دېمەكچىدىڭ؟ — دېدى ئوسمان زەردە بىلەن .
— راست ئەكېلەمدىمەن، سارىخان؟ — مۆمىن ئاخۇن
سارىخانغا قارىدى.
— ھەئە ، — دېدى سارىخان يىغلامسىراپ.
مۆمىن ئاخۇن توخۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ
كېتىپ قالدى.

مۆمىن ئاخۇن كەتكەندىن كېيىن ئوسمان سارىخاننى تارتقىنىچە يولنىڭ چېتىدىكى قوناقلىقنىڭ قىرىغا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزدى. سارىخان بىچارىلەرچە يالۋۇردى. ئەمما خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان ئوسمان سارىخاننىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قىلچە پەرۋا قىلماي ئۇنىڭغا ۋەھشىيلەرچە باسقۇنچىلىق قىلدى. ئوسمان ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمدى سەن كېلە، — دېدى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قاھارنى چاقىرىپ.

ئوسماننىڭ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ شەھۋەت ئوتلىرى ۋۇجۇدىغا چىرماشقان قاھارمۇ سارىخاننىڭ ئۈستىگە ئاچ بۆرىدەك تاشلاندى. مۇراتمۇ قۇرۇق قالمىدى. ئوسمانلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۆمىن ئاخۇن بىر چار توخۇنى قىرقىراتقىنىچە سوكۇلداپ يېتىپ كەلدى .

— ھە، ئەكەلدىڭمۇ؟ — دېدى ئوسمان مۆمىن ئاخۇننىڭ قولىدىكى توخۇنى قولىغا ئېلىپ، — ھەي بۇ مېكىيانكەنغۇ؟ خوراز يوقمۇ، خوراز؟

— بىزنىڭ ئۆيدە خوراز يوق، — دېدى بىر چەتتە مىشلداپ يىغلاپ تۇرغان سارىخان.

— ھەي مۆمىن، سېنىڭ ئۆيىڭدە خوراز يوقمۇ ؟

— بار .

— ئۇنداق بولسا سەن مۇرات بىلەن بېرىپ بۇ توخۇنى خورازغا ئالماشتۇرۇپ كەل !

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى مۆمىن ئاخۇن ئىتائەتمەنلىك بىلەن .

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئوسمانىنىڭ ئەسەبىيلىكى يەنە قوزغىلىشقا باشلىدى .

ئۇ قولىدىكى توخۇنى سارىخانىنىڭ يەردە توپىغا مىلىنىپ ياتقان ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىغا تىقىپ قويۇپ «مۇنداقمۇ قىلىپ باققۇلۇق» دېگىنىچە سارىخانىنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ ياقىسىدا توختىتىپ قويۇلغان موتىسىكلىتنىڭ ئۈستىگە ئالدى.

موتىسىكلىت ئۆرۈلۈپ كېتەي دېۋىدى، قاھار كېلىپ يۆلەپ تۇردى. ئوسمان سارىخانىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي بىر ھازا ھەپىلىشىپ ئىشنى قاملاشتۇرالماي، ئۇنى موتىسىكلىتتىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەنە قوناق ئېتىزىنىڭ قىرىدا ياتقۇزۇپ ئاياغ ئاستى قىلدى.

— مېنى ئۇنداق قىلماڭلار، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، — سارىخانىنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياشلار تاراملاپ قۇيۇلماقتا ئىدى . لېكىن، ئۇنىڭ يىغىسى بۇ مەلئۇنلارنىڭ يۈرىكىنى شادلاندۇرغاندەك ئوسمانىنىڭ كەينىدىن قاھارمۇ يەنە ئۇنىڭغا تاشلاندى .

بىر ھازادىن كېيىن مۆمىن ئاخۇن بىلەن مۇرات قايتىپ كەلدى .

— خوراز قېنى ؟ — دېدى ئوسمان ئۇلارغا گۆلىيىپ.

— بىزنىڭ خوراز قوشنىلارنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ يېتىۋاپتىكەن، كېچە بولغاچقا باشقىلارنىڭ ھويلىسىغا كىرىشتىن خىجىل بولدۇق، — دېدى مۆمىن ئاخۇن .

— ھۇ يارىماس نان قېپىلار، — دېدى ئوسمان ئۇلارنى ئەيىبلەپ، — شۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمەي . . .بولدى، بۈگۈن ساقچىخانىغىمۇ بارمايلى، ھازىر قاھارنىڭ ئۆيىگە

بارايلى، يۇرۇقلار . . .

ئۇلار قاھارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇيۇقنىڭ گىرۋىكى سۇزۇلۇپ، پۈتۈن كائىناتنى ئويغاتقۇچى گۈزەل تاڭ يېقىنلاشماقتا ئىدى.

— بۇگۈنكى ئىشلارنى بىر كىمگە دېيىشەمسەن، دېيىشمەمسەن ؟ — دېدى ئوسمان سارىخان بىلەن مۆمىن ئاخۇننىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە مىقتەك تىكىلىپ .

— ياق، ياق، ھەرگىز دېمەيمىز، — دېدى سارىخان بىلەن مۆمىن ئاخۇن تەڭلا.

— ئەگەر بىر كىمگە دېيىشىدىغان بولساڭ مېنى بىلىشىدىغانسەن؟ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن .

— ياق، ياق، بۇ ئىش مۇشۇ يەردە قالىدۇ، ھېچكىمگە دېمەيمىز.

— ھە شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، ھەي مۆمىن ئۆيىڭدە قوناق بارمۇ؟

— بار .

— ئۇنداق بولسا بۇگۈنلا ماڭا بولسا ئىككى چارەك، بولمىسا بىر چارەك قوناق ئەكىلىپ بەر، كەپتەرلىرىمنىڭ دېنى تۈگەپ كەتكەن .

— ماقۇل ، ماقۇل . . .

— ھە، ئەمىسە ھازىرلا كېتىش، ھەر ئىككىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيلىرىڭگە كەت .

سارىخان بىلەن مۆمىن ئاخۇن راستىنلا ئوسمان دېگەندەك قىلدى. ئۇلار ھەر ئىككىسى بۇ ئۆيدىن چىققان پېتى ئۆز ئۆيلىرىگە كەتتى. قاھارنىڭ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا، سارىخاننىڭ

توخۇسى بولسا سارىخاننىڭ كىچىدىن تارتقان خورلۇقىغا، ئاجىزلىقىغا ئۆكۈنگەندەك، مۆمىن ئاخۇننىڭ دەسلەپ ئۆزىنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇلغاندا باشقىلارغا خەۋەر قىلىپ بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ،لېكىن قاھارغا قۇللارچە ئىتائەت قىلىپ، مۆمىن ئاخۇننىڭ قورقۇنچاق، ئەقىلسىز، قانۇن قارىغۇسى ئىكەنلىكىنى مازاق قىلىۋاتقاندەك ئاجىز روكۇلداپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە پاخپىيىپ تۇراتتى.

سارىخان ئايال كىشى بولغىنى بىلەن ھەر ھالدا مۆمىن ئاخۇندىن جۈرئەتلىك ئىكەن . ئۇ ئۆيگە بېرىپ بىر ھازا يىغلىدى، لېكىن يىغلاش بىلەن ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايتتى. شۇڭا ئۇ يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدىكى مونچاقتەك ياشلارنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى ـ دە ئۆزىمۇ سەزمىگەن بىر خىل كۈچنىڭ تەسىرىدە قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ قانۇننىڭ مۇقەددەس دەرۋازىسىنى چېكىش ئۈچۈن سەھەردىلا ساقچىخانىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ كىچىدىن تارتقان خورلۇق ، چىدىغۇسىز ئازاب، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىك دەستىدىن خۇددى چېقىپ تاشلىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان بەدەنلىرى قايتىدىن يېڭىكلەپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ تېز ـ تېز قەدەم بىلەن كېتىۋاتقىنىدا دۈمبىسىگە قوناق قاچىلانغان ئېغىر بىر خالتىنى يۈدۈپ دوقاق كېلىۋاتقان مۆمىن ئاخۇن ئۇچرىدى.

ــ نەگە ماڭدىڭىز ؟ ــ دەپ سورىدى مۆمىن ئاخۇن

ــ ساقچىخانىغا ، سىزچۇ ؟

ــ مەن . . .،ـ مۆمىن ئاخۇن جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ قوناقنى ئوسماننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغانىدى . . . .

سارىخاننىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىنى ئاڭلىغان ساقچىلارنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرى چاقناپ، قۇيقا چىچى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار دەرھال ئاتلىنىپ ئىنچىكە رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق دېلونىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تېزلىكتە ئېنىقلاپ چىقتى. جىنايەت گۇماندارى ئوسمان، قاھار، مۇراتلار 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قانۇن بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ، 8 - ئاينىڭ 14- كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى .

2002 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بىرىنچى سوتتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، جاۋابكارلارنىڭ باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۇچۇن ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇددەتلىك ئون بەش يىللىقتىن ئون يىللىققىچە قاماق جازاسى بېرىش ھۆكۈم قىلىندى. بىراق، جاۋابكارلار ھۆكۈمگە قايىل بولماي، جازا ئېغىر بولۇپ كەتتى، دېگەن مەزمۇندا ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەردى. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق ئەسلىي سوتنىڭ جىنايەت پاكىتىنى بېكىتىشى، جازا ئۆلچىشى توغرا بولغان دەپ قاراپ، جاۋابكارلارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىپ، ئەسلىي سوت ھۆكۈمىنى كۈچكە ئىگە قىلدى.

# ئورۇنسىز جېدەل، قانلىق پاجىئە

ئەتراپنى زۇلمەت قاراڭغۇسى قاپلىغان جىمجىت كېچە ئىدى. بىپايان سەھرانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا ئاسمىنىدا ئاجىز يىلتىرلاپ تۇرغان شالاڭ يۇلتۇزلار خىرە نۇر چاچاتتى. يېنىك شىلدىرلاپ ئۆچقان باھار شامىلى يۈزنى سىيپايتتى. ھەممە ياق جىمجىت، بىراق كېچىدىن بىرى چىرىغى ئۆچمەي، كۆلكە - چاقچاق، شوخ ناخشىلار ئاڭلىنىپ تۇرغان بىر ئۆينىڭ ئالدىدا مەستلەرنىڭ قالايمىقان تۈۋلاشقان، پالاق - پۇلۇق، غۇلدۇر- غالاپ قىلىپ ئۇرۇشقان ئاۋازىلا بۇ تىمتاس كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزماقتا ئىدى. مانا ھېلىقى ئۆي ئالدىدىن يىراقتا سوزۇلغان توپىلىق يولنى بويلاپ ئىككى گەۋدە قوغلىشىپ كەلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەدىمى ئاستىلىدى. كەينىدىكىسى توختىدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئالدىدىكىسىمۇ توختىدى. ئۇلار يەنە ماڭدى. ئالدىدىكى ئادەمنى نىشان قىلىپ مېڭىۋاتقان ئادەمنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ تېز - تېز قەدەم ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى يوغان كەتمەننىڭ بىسىدىن تەننى شۈركەندۈرىدىغان بىر خىل سوغۇق نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئاپلا، ئۇ ئالدىدىكى ئادەمگە يېتىشىۋالدى، ۋاي ئىسىت «تاڭ» قىلغان ۋەھىملىك ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئالدىدىكى ئادەم «گۈپلا» قىلىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قانلار ئەتراپقا فونتاندەك چاچراشقا باشلىدى.

چۈنكى، كەينىدىن كەلگۈچى كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن ئۈنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرغانىدى. كەتمەن يەنە بىر قېتىم رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇلدى. بۇ چاغدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئالدىدا قېچىپ ماڭغان ئادەممۇ يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كېلىپلا ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىكى كەتمەننى قولىغا ئالدى ـ دە، يەردە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتقان ئادەمنىڭ بېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىنى ئۇرۇۋەتتى. تۇۋا، ئۇلارنىڭ يۈرىكى تاشمىدۇ ياكى گۆشمىدۇ؟ ئالدىدا بىچارىلەرچە سۇنايلىنىپ ياتقىنى ئادەممۇ ياكى سوقۇلۇۋاتقان قوناقمۇ؟ ئۇ قوناق ئەمەس، ئەلۋەتتە ئادەم ئىدى. ئۇ پۇت ـ قولىنى قىلچىلىكمۇ مىدىرلىتىپ قويماستىن جىمجىت ياتاتتى. تۇرقىدىن قارىغاندا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەھشىلىك بىلەن تەگكەن كەتمەن زەربىسىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى تۇگىمەس دەرت ـ ھەسرەتتە قويۇپ ئۇ دۇنياغا كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنى ئۇرغۇچىلار بولسا ئۇنىڭ بېشىدا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خۇددى ئەرۋاھلاردەك تۈن قوينىدا غايىب بولدى. قاراڭغۇ كېچە قويىنىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا كۆل رەڭ بۇلۇتلار ۋەھىمىلىك تۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

2004 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قاش قارايغان چاغ ئىدى. كەچكى شەپەقنىڭ ئاداققى نۇرلىرى يىراق ئۇپۇق گىرۋىكىدە سۇس جىلۋە قىلاتتى. مەلۇم ناھىيىنىڭ يېراق يېزا تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھۇشۇر دوستلىرىدىن ئايىرىپ، سايىم قاتارلىق بىرنەچچە كىشى بىلەن قوشنا كەنتتىكى ھاراق

ساتىدىغان بىرەيلەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆكلۈل ئېچىپ كەلمەكچى بولدى. ئۇلار بۇ ئۆيگە كەلگەندە بۇ ئۆيدە يەنە ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشتى. سورۇن ناهايىتى قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇلار هاراقنىڭ كەيپىدە ئىچىلىپ - يېيىلىپ، كۆكلۈللىرىدىكى پاراڭلىرىنى قىلىشىپ خۇشال ئولتۇرۇشماقتا ئىدى. سورۇن ئاخىرلىشاي دېگەندە ئەبەي بىلەن زۇنۇن، روزى، ۋەلى قاتارلىق بىرنەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ بۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار تونۇش بولغاچقا، سورۇننى بىرلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشتى. يەنە ئىككى بوتولكا هاراق ئىچىلدى. سورۇن تېخىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملىشىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ۋەلى دۇتار چېلىشقا باشلىدى . كەيپچىلىكتە قەلبى هاياجاندىن دولقۇنلاپ تۇرغان زۇنۇن بېلىدىكى كەمىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ تارافشىتىپ دۇتارغا تەڭكەش قىلدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. سورۇنمۇ ئاخىرلىشاي دېدى.

— كەمىرىمنىڭ توقىسى يوق تۇرىدۇ، توقامنى بېرىڭلار، — دېدى زۇنۇن هۆشۈرغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

هۆشۈر گەپ قىلمىدى. ئەمما زۇنۇننىڭ بۇ گېپى هۆشۈرنىڭ ئاغىنىسى سايىمنى تېرىكتۈرۈپ قويدى.

— سەن نېمانداق هۆشۈرنى ئوغرى تۇتىسەن؟ — دېدى سايىم زۇنۇنغا گۆلىيىپ ۋە ئولتۇرغان يېرىدىلا زۇنۇننىڭ ساغرىسىغا ئىككىنى تەپتى. خېلىدىن بېرى هاياجانلىق كەيپىياتتا تولغان سورۇننى بىردەمدىلا ئوڭايسىز هالەت ئېگىلىدى.

— سېنىڭ يۈزىڭنى قىلمىغان بولسام، زۇنۇن ساق چىقىپ

كەتمەيتتى، ــ دېدى سايىم زوڭنوڭنىڭ بىر ئاغنىسىگە قاراپ ئاچچىق بىلەن.

ــ بۇ چاقچاق ئاداش، زوڭنوڭ بىلەن ئىككىمىز يېقىن، ــ دېدى ھوشۇر.

بۇ چاغدا سايىمنىڭ بايىقى سۆزلىرىگە قورسىقى كۆپۈپ تۇرالماي قالغان زوڭنوڭنىڭ ئاغىنىسى ئەبەي سۆزگە ئارىلاشتى:

ــ ساق چىقىپ كەتمەيتتى، دېگەن نېمە گەپ بۇ؟!

ــ سېنىڭ ماڭا گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ نوچى بولساڭ ماڭە، سىرتقا چىقىپ گەپلىشەيلى، ــ دېدى سايىم ئەبەيگە مىقتەك قادىلىپ.

شۇ تاپتا «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتاتتى. سايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەبەي دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار سىرتقا چىقىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. ھوشۇر ئۇلارنى ئاجرىتىش ئۈچۈن ئارىغا كىردى. سايىم ھوشۇرنىڭ ئېڭىكىگە بىرنى ئۇردى. ھوشۇر جىم تۇرۇپ قالدى. سايىم يەنە ئەبەينىڭ يۈزىگە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

ــ سايىمنى ئېلىپ كېتىڭلار، ــ دېدى ئەبەي ھوشۇرغا قاراپ، ھوشۇر سايىمنى ئاجرىتىۋەتتى. ئەمما ئۇنىڭمۇ ساراڭلىقى تۇتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەبەينىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ گەپ بولسا ماڭا قىل، ــ دېدى.

ــ سىزگە گېپىم يوق، ــ دېدى ئەبەي ھوشۇرغا، ــ بىز ھاراق ئىچكىلى كىردۇق، ئۇرۇشقىلى كىرمىدۇق، كاللا ـ قاپاقنى يېرىشساقمۇ ئەتە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېيىشمەي بولماس. . .

ئەبەي شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، كەيپچىلىكتە قىنى قىزىغان
ھۇشۇر ئۇنىڭ يۈزىگە بىرمۇشت ئۇرۇۋەتتى. ھۇشۇرنىڭ ئۆزىگە
تۇيۇقسىز مۇشت ئاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەبەيمۇ ئۇنىڭ بۇرنىغا
بىرنى ئۇردى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئاچچىقىنى
باسالماي قالغان ھۇشۇر ئەبەينى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈز ـ
كۆزلىرىگە ئىككى ـ ئۈچ مۇشت ئۇرۇۋەتتى. ئەبەي ھۇشۇرنىڭ
ئاستىدىن ئاجراپ چىقىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. شۇ ئارىدا
ھۇشۇر يېنىدىكى پىچاقنى قولىغا ئالدى. ئۆزئارا تۇتۇشۇش
جەريانىدا ھۇشۇرنىڭ قولىدىكى پىچاق ئەبەينىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ
ئاستىنى جىجىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەبەي بۇرۇلۇپلا قاچتى،
ھۇشۇر دەلدەڭشىگىنىچە ئەبەينىڭ كەينىدىن ماڭدى. ھۇشۇر
بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە دەلدەڭشىيتتى، ئوڭ ـ سولغا
سەنتۈرۈلەتتى. دەل شۇ چاغدا ئەبەينىڭ ئاغىنىسى روزى باياتىن
ئولتۇرغان ئۆيدىن ئېلىۋالغان كەتمەننى دولىسىغا سالغىنىچە
ھۇشۇرنىڭ كەينىدىن تېز ـ تېز مېڭىپ كېلىشكە باشلىدى.
ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن بىرخىل شۇملۇقنىڭ مۇدھىش
كۆلەڭگىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ھۇشۇرغا يېتىشىۋالدى.
ئېگىز ـ پەس دەسسەپ كېتىۋاتقان ھۇشۇر ئۆزىگە يېقىنلاپ
كەلگەن قاباھەتتىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن
يازمىمىزنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانلىق پاجىئە يۈز
بەردى.

جىنايەت گۇماندارلىرى نەق مەيداندىن ئايرىلغاندىن كېيىن
قېچىپ كېتىشنى مەسلىھەتلەشتى. ئەمما ئۇلار شېرىن
ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ بولغۇچە رازۋېدچىكلارنىڭ قولىغا

چۈشتى. قانۇن دوختۇرى ئۆلگۈچىنىڭ جەسەتتىنى تەكشۈرۈپ، «ئۆلگۈچى بېشى بىسىز قورالنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، باش سۆڭىكى رەتسىز سۇنۇپ مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبىدىن ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقاردى.

جىنايەت گۇماندارى ئەبەي بىلەن روزى 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

# يوشۇرۇن تۇتقان مۇھەببەت، ئېلىپ كەلدى پالاكەت

گۆزەل سەھرا قويىنىدا چوڭ بولغان ئاينۇر ئون بەش ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ باللارغا خاس چىھرىدىن سەبىيلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. مەكتەپتىن بىكار بولغان چاغلىرىدا ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا مەكتەپكە بارمايتتى.

ئىيۇن ئايلىرىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق بىر كۈنى ئىدى . ئالەم قىپقىزىل چوغقا توشقان تونۇردەك قىزىغانىدى. ئاينۇر ئۆيىدىكى مۇزدەك سۇدىن بىر چەينەك ئېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ بىر مەھەللىلىك ئەمەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، ئەمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەمەت يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بوغداي ئۆڭ يىگىت ئىدى، قاپقارا بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تېخى كىچىكلا كۆرۈنىدىغان ئاينۇرنىڭ خېلىلا بوي تارتىپ ئىسكەت تۈزەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز ؟ — دېدى ئەمەت ئاينۇرغا يېقىنلىشىپ.

— ئۆيدىكىلەر ئېتىزلىقتا كەتكەن، سۇ ئېلىپ ماڭدىم، — دېدى ئاينۇر جاۋاب بېرىپ.

— ئەكىلىك، سۆيگىنىڭدىن مەنمۇ ئىچىۋالاي، — ئەمەت چەينەكنى قولىغا ئېلىپ غورتۇلدىتىپ سۇ ئىچكەچ، ئاينۇرنىڭ تىنىق كۆزلىرى ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئاينۇر خىجىل بولغاندەك ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

— ماڭا تېگەمسىز؟ — دېدى ئەمەت تۇلۇمدىن تۇقماق چىققاندەكلا ئاينۇرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ، — بىز توي قىلايلى.

— مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەن، توي قىلمايمەن، — دېدى ئاينۇر تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن خىجىل بولۇپ. شۇئان ئۇنىڭ يۈزلىرى ئوت ئالغاندەك كۆيۈشۈپ، ۋىللىدە قىزاردى. كىم بىلسۇن، ئاشۇ قىزىللىق، ئاشۇ ئوت ئەمەتنىڭ يۈرىكىگە شۇررىدە ئېقىپ كىرگەندەك بولدى. ئاينۇر چەينەكنى ئەمەتنىڭ قولىدىن ئېلىپلا ئېتىزلىق تەرەپكە قاراپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. ئەمەتنىڭ يۈرىكى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ئەمدىلا بىخلانغان ئوتلۇق مۇھەببىتى ئاينۇر بىللە كەتكەندەك ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپلا قالدى . . .

شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمەت ئاينۇرنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاينۇر قەيەردە ئۇچرىسىلا ئەمەت ئۇنىڭغا توي قىلىش، بىرگە ئۆتۈش توغرىسىدا گەپ قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئاينۇرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئەمەت گازىر - پۇرچاق، مېۋە سۈيى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئاينۇر خىجىل بولۇپ ئۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تەگكۈزمىدى. ئەمەت: «مەن بۇ نەرسىلەرگە زەھەر سېلىپ ئېلىپ كەلمىدىم» دېگەندە

ئاينۇر پىسسىككىدە كۆلۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نارتىنىشمۇ يوقىغاندەك بولدى. ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن بىر پەس گەپلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەمەت چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئەمەتنىڭ ئاينۇر قەيەرگە بارسا شۇ يەردە پەيدا بولىدىغان ئادىتى ئۆزگەرمىگەنىدى. بۇخىل ئۇچرىشىشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئاينۇرنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىدىمۇ ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىرخىل تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ پات ـ پات ئەمەتنى ئەسلەپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن خىجىل بولۇپ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى.

چىكقى چۈش مەزگىلى بولۇپ، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىغانىدى. ئاينۇر ئۆينىڭ يېنىدىكى بېدىلىكتە بېدە ئورۇپ ئولتۇراتتى. كۆڭلىدە ئەمەتنى خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ سەبىي خىياللىرى خۇددى ئۆزى ئورۇۋاتقان كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ بولۇق بېدىلەردەك چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. تۇيۇقسىز «گۇس ـ گۇس» دەسسەپ كەلگەن ئاياغ تىۋىشى ئاينۇرنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ قايرىلىپ يانغا قارىدى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئەمەت ئۇنىڭ يېنىغىلا كېلىپ بولغانىدى. ئاينۇر ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ بولغۇچە ئەمەتنىڭ كۈچلۈك گەۋدىسى ئاينۇرنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى.

ئەمەت ئورۇلۇپ بولغان بېدە ئېگىزى ئۈستىدە ئاينۇرنى ئەسەبىيلەرچە سۆيمەكتە ئىدى. ئاينۇرنىڭ يۇمشاق لەۋلىرىدىن تارىغان چوغدەك ھارارەت ئەمەتنىڭ ۋۇجۇدىنى شامدەك ئېرىتمەكتە ئىدى. ئاينۇر بولسا ئەمەتنىڭ كۈچلۈك گەۋدىسى

ئاستىدا ئاجىز ئىڭراپ تىپىرلايتتى، نازۇك قوللىرىدا ئەمەتنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەربىكىتىنىڭ قارشىلىق قىلىش ياكى ئەركىلەپ نازلىنىش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. . .

شۇ ئىشتىن كېيىن ئەمەت كېچىسى پەقەت ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇھەببەتنىڭ تونۇردەك قىزىق تەپتى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ تۈن بويى ئاينۇرنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى، ئۆيىنىڭ كەينىدە، باغنىڭ بۇرجىكىدە تۈنەپ چىقاتتى. ئۇ ئاينۇرنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

تۈنجى مۇھەببەتنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىغان ئاينۇرنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇمۇ كېچىسى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەي قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى كارىدورلۇق ئۆي بولۇپ ئاينۇر كارىدورنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيدە كىچىك ئۇكىسى بىلەن بىللە ياتاتتى.

بىر كۈنى يېرىم كېچە بولغان چاغ ئىدى، ئاينۇر شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. بىر چاغدا مۇزدەك يالىڭاچ بىر تەن ئۇنىڭ ئىسسىق قوينىغا كىرىپ كەلدى، بۇ ئەمەت ئىدى.

— كىم ؟ — دېدى ئاينۇر شېرىن ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ .

— جىم، — دېدى ئەمەت ئاينۇرنىڭ ئاغزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، — بۇ مەن.

— قانداق كىردىڭىز ؟ ئۆيدىكىلەر ئويغىنىپ قالسا . . .

ئەمەت ئاينۇرنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەيلا ئوتلۇق لەۋلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. ئاينۇرمۇ سۆيدى . شۇ

تاپتا ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان بۇ بىر جۈپ تەن مۇھەببەت دەرياسىنىڭ شېرىن ئېقىنلىرىغا غەرق بولماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كەتتى. ئەمەت پۇرسەت تاپسىلا يېرىم كېچىدە غىپپىدە ئۆيگە كىرىپ ئاينۇرنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتاتتى، ئۆيگە كىرەلمىگەن كۈنلىرى ئۆي ئەتراپىدا تىمسىقلاپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. ھەتتا سەھەردە ئاينۇر ھاجەتكە چىققان پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەمەت مۈكۈپ ياتقان يېرىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاينۇرنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە باغنىڭ خالىي جايلىرىغا ئېلىپ كەتكەن چاغلارمۇ، ئاينۇرنىڭ دادىسى تاڭ يورۇماستا مەسچىتكە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيگە غىپپىدە كىرىۋېلىپ ئاينۇرنىڭ مۇھەببەت يالقۇنى يېلىنجاپ تۇرغان چوغدەك قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان چاغلارمۇ بولدى. ئەمما بۇ مۇھەببەت مەستانىلىرى ئىشنىڭ داۋامى قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىغانىدى.

ئىللىق ياز كېتىپ كۈز كەلدى. ئەمەتنىڭ ئاينۇرنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا تىمسىقلاپ يۈرگەنلىكىنى بىر قوشنىسى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئاينۇرنىڭ ئانىسىغا دەپ قويدى. ئەمەتنىڭ سىرتلاردا ئاينۇرنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنلىكىنى ئانچە - مۇنچە كۆرۈپ قالغان ئانىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇ ئاينۇرنى ئالدىغا چاقىرىپ تەربىيە قىلدى. ئاينۇر دەسلەپتە دېگىلى ئۇنىمىدى، ئانا قايتا - قايتا كوچىلاپ سورىغاندىن

كېيىن بۇ سادادا قىز ئىشىنىڭ بارلىق جەريانىنى ئانىسىغا ئاشكارا قىلىۋەتتى. ئانا بۇ ئىشنى ئېرى راخمانغا دېدى. راخمانىنىڭ قورۇق باسقان پېشانىسى غەزەپتىن تۈرۈلۈپ، ئاچچىقتىن بوغۇلغان ۋۇجۇدى تىترەپ، چىرايى قارىداپ كەتتى.

— ئەمەت ساڭا مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلدىمۇ ياكى ئىختىيار ئىش ئۆتتۇلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى راخمان ئاينۇرنى ئالدىغا چاقىرتىپ، — راستىڭنى دە، ئىختىيارىي بولغان بولسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلغان بولسا، ئۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، ساقچىغا مەلۇم قىلسام يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ.

دادىسىنىڭ غەزەپلىك چىرايىدىن قورقۇپ شۈمشىيىپ، تىرنىقىنى كوچىلاپ تۇرغان ئاينۇر «چاڭ» قىلىپ تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن ئاينۇر كەينىگە ئۈچۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى، سەبىي كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— ئە . . . ئەمەت ماڭا مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلدى، - دېدى ئاينۇر تەستە زۇۋانغا كېلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— بۇ ئىشنى خەقلەر بىلىپ قالسا، سېنى كىم ئالىدۇ، سېنى ئىت ، ئېشەك ئورنىدا باقامدىمەن، نەچچە يەرگە قىز سوراپ بېرىپ ھېچكىمنى ئالالمىغان بىر نېمىگە سېنى بېرەمدىمەن؟ — دېدى راخمان ئاينۇرنىڭ مارجاندەك ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قوللىرىنى چىنەپ تۇرۇپ، — ئەمەت كەلگەن ھامان ئۇنى ماڭا تۇتۇپ بېرىسەن، بولمىسا سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن . . .

شۇنىڭدىن باشلاپ راخمان ئۆينىڭ كارىدورىنىڭ ئىشىكىگە ئىلگۈچ ئورنىتىپ قويدى. ئاينۇر ياتار ۋاقتىدا ئىشىكنى

تاقىۋېلىپ ياتىدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئەمەت كېچىلىرى ئەرۋاھىدەك شىپىرلاپ ھويلىغا كىرىپ ئىشىكنى ئاچالمىغاندا، ئاينۇر ياتقان ئۆيىنىڭ سىرتىغا قارىغان دېرىزىسىنى ئاستا چېكەتتى، ئاينۇرمۇ دەل شۇنى كۈتۈپ ياتقاندەك، دەررۇ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرەتتى. ئۇ ئېھتىيات ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن ھېزى بولۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق شېرىن ئازاب، قىيمايدىغان خۇشاللىق ئىچىدە بىر خىل رېتىمدا ئۆتمەكتە ئىدى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېچە. پۈتكۈل تەبىئەت جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، ئاينۇر تېخى ئۇخلىمىغانىدى . بىر چاغدا كېچىدە چېكىلىش ئادەتكە ئايلانغان دېرىزە يەنە ئۆز قەرەلىدە تىرىقلاپ كەتتى. ئاينۇر ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئەمەت ئۆيگە كىردى. بۇ قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئاينۇرنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر خىل ئەنسىزلىكنى سەزگەندەك بولدى . ئۇ ئەمەتكە «سىز ياتقاچ تۇرۇڭ ، مەن ھاجەتكە چىقىپ كىرەي» دەپ قويۇپ سىرتقا چىقتى. ئاينۇرنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. دادىسىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ چىرىغى يېنىقلىق تۇراتتى. ئاينۇر ئاستا كېلىپ مارىلىغانىدى، دادىسىنىڭ كىيىملىرىنى تېز - تېز كىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاينۇرنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

شۇئان دادىسىنىڭ: «ئەگەر ئۇنى تۇتۇپ بەرمەيدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن . . .» دەپ ھۆركىرىگەن دەھشەتلىك ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى . ئۇنى

تىترەك باستى. ئۇ بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ھېچنېمىنى ئويلىمايلا دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ «ئەمەت كەلدى» دەۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى پېشكەللىك بومبىسىنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقنى ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى.

راخمان تۇيدۇرماستىن ھويلىغا چىقىپ قولىغا بىر پالتىنى ئالدى - دە، ئاينۇرنىڭ ياتاق ئۆيىگە باستۇرۇپ كىردى . ھاڭ - تاڭ قالغان ئەمەت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېخىرقاپ تۇرۇپ قالدى. راخمان ئۇنىڭغا قۇتىرىغان شىردەك شىددەت بىلەن ئېتىلدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، سۆرىشىپ ئۆرە - تۆپە بولۇپ كېتىشتى. بىر - بىرىنى تارتىشىپ يەرگە يىقىلدى. ئەمەت سىرتقا قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، ئۆيدىكى دەھشەتلىك گۈلدۈر - غاراسنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ئاينۇرنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويدى. راخمان ئەمەتنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئېغىشتۇرۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى. تاياق زەربىسىدىن سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ قالغان ئەمەت جىم تۇرۇپ قالدى. راخمان ئارغامچا بىلەن ئەمەتنىڭ قول - پۇتىنى باغلىۋەتتى، ئۆيدىكى ئىشكاپ ئاستىدىن بىر ئۇزۇن زەنجىرنى ئېلىپ خۇددى ئىت باغلىغاندەك ئەمەتنىڭ بويىنىدىن باغلىدى، زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆينىڭ سۇپىسى يېنىدىكى مەشنىڭ پۇتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قېقىپ قويغان قوزۇققا مەھكەم چىگىپ قويدى. راخمان ئۇنىڭ بېقىنلىرىغا زەرب بىلەن بىر نەچچىنى دەسسىۋەتتى، ئەمەت يۆكلىنىپلا قالدى.

راخمان ئېغىر ئەمگەك قىلىپ ھېرىپ كەتكەن كىشىدەك ھاسىراپ بىردەم دېمىنى ئېلىۋالاتتى، بىردەم باشتا تاشلاپ قويغان پالتىنىڭ دەستىسى بىلەن ئەمەتنىڭ پۇتلىرىغا ئۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچۇق ئويناۋېتىپ توساتتىنلا باشقا ئىشقا قىزىقىپ قېلىپ ئويۇنچۇق ئويناشنى تاشلاپ قويغىنىدەك، تويۇقسىزلا ئويۇنچۇق ئېسىگە كېلىپ يەنە ئۇنىڭغا بېرىلىپ ئويناپ كەتكىنىدەك بىر خىل ھالەتنى ئەسلىتەتتى.

كېچە بىر چاغ بولغاندا راخمان بىر قوشنىسىنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى.

— بىز ئاداش تۇرساق، بىزنىڭ ئۆيگە كىرگۈچە باشقا ئادەمنىڭ ئۆيگە كىرسەڭ بولمامدۇ، — دېدى ئاينۇرنىڭ ئاكىسى يەگاھدا سۇنايلىنىپ ياتقان ئەمەتكە قاراپ، — بۇرۇن مەھەللىدىكى باللار سېنىڭ سىڭلىڭنىمۇ بۇزۇۋېتىپتىكەن، مەن سەن بىلەن ئاداش بولغاچقا، يېنىغا بارمىغان، يۈزىمىزنى تۆكتۈڭ، سەنمۇ سازايى بول . . .

ئاينۇرنىڭ ئاكىسى شۇنداق دېگىنىچە يېنىدىكى كىچىك ھەم ئىتتىك قەلەمتىراچنى ئېلىپ، ئەمەتنىڭ ئۇڭ قېشىنىڭ تۈكلىرىنى پاپپاكىز چۈشۈرۈۋەتتى. بىردەمدىلا ئەمەتنىڭ چىرايى باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

— ئا . . . ئاداش، ئۆيدە بەش مىڭ يۈەن پۇلۇم بار، ئەكېلىپ بېرەي، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار، مەن ئاينۇر ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم رازى، — دېدى ئەمەت ئاينۇرنىڭ ئاكىسىغا قاراپ ئاران ـ ئاران نەپەس ئېلىپ. شۇ

تاپتا ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى بىر نەرسە قىسقاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىپ، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەندى.

― سىنىڭ پۇلۇڭنى خەجلىمىسەكمۇ پۇلىمىز بار، ― دېدى ئاينۇرنىڭ ئاكىسى ئەمەتنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ.

بىردەمدىن كېيىن راخمان بىر قوشنىسىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا دەھشەتلىك ئاغرىق دەستىدىن تۇگۈلۈپ قالغان ئەمەتنىڭ ئوڭ بىقىنىغا ئىككىنى دەسسىۋەتتى. ئەمەت ئېچىنىشلىق ئىڭرىغىنىچە يۆكىلىپ قالدى. راخمان باشلاپ كىرگەن كىشى ئەمەتنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقىغا قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك ئىتتىك كېلىپ راخماننى تۇتۇۋالدى. ئەمەتنىڭ بوينىدىكى زەنجىرنى ئېلىۋەتتى، قوللىرىنى يەشتى. ئۇ راخماننى ئەھۋالنى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. راخمان ئەمەتكە مەجبۇرىي بىر پارچە ئىسپات يازدۇردى. ئەمەت ناھايىتى تەستە سۆيىنىڭ گىرۋىكىگە يامىشىپ تۇرۇپ «مەن 6 - ئايدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئاينۇر بىلەن ھەپتىدە ئىككى قېتىم مۇناسىۋەت قىلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتسە مەن رازى» دەپ كىچىككىنە بىر نەچچە جۈملە خەت يېزىپ بەردى.

يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغ ئىدى. ئاينۇرنىڭ ئاكىسى بىلەن قوشنىسى ئەھۋالنى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى.

ئەمەت سۆيىنىڭ گىرۋىكىگە بېشىنى قويغىنىچە ئاجىز ئىڭراپ يەگاھدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب ئىدى،

ئېغىر - ئېغىر تىنىۋاتاتتى، ئىچ - باغرى خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك ئېچىشاتتى، نەپەس ئېلىشىمۇ بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نەپىسى توختاپ قالدىغاندەكلا قىلاتتى. تۇيۇقسىز ئەمەتنىڭ ئېغىرلاشقان بېشى سۇپا گىرۋىكىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ مەيدىسىگە ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ جان ئۈزگەنىدى . . .

دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ج خ ئىدارىسى دەرھال دېلو تۈرغۇزۇپ تەھقىقلەشنى باشلىۋەتتى. قانۇن دوختۇرى ئەمەتنىڭ جەسىتىنى ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق: «ئۆلگۈچى سىرتقى بىسىسىز كۈچنىڭ ئۇرۇلۇپ بېسىلىشىدىن ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغا قىسمى رەتسىز ئېزىلىپ سۇنۇپ، سۇنغان ئورنىدىن ئىچىگە بېسىلىپ ئوڭ قانات ئۆپكىسىنىڭ ئاستىنقى ياپراق ساھەسىنى يىرتىۋەتكەنلىكتىن كۆكرەك بوشلۇقىغا قان يىغىلىپ، نەپەس زەئىپلىشىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن»دەپ يەكۈن چىقاردى.

جىنايەت گۇماندارى راخمان 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلۇپ، 11 - ئاينىڭ 21- كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قولغا ئېلىندى.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا جاۋابكار راخماننىڭ قەستەن زەخىملەندۈرۈپ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. بىراق، جاۋابكار راخمان «مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم، ماڭا بېرىلگەن جازا ئېغىر بولۇپ كەتتى» دېگەن

مەزمۇندا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى 2004 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قانۇن بويىچە كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ قاراپ چىقىش ئارقىلىق، ئەسلىي سوتنىڭ جىنايەت پاكىتىنى بېكىتىشى، جازا ئۆلچىشى توغرا بولغان، جاۋابكارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنىڭ ئاساسى يوق دەپ قاراپ، نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىپ، ئەسلىي سوت ھۆكۈمىنى كۈچكە ئىگە قىلىش توغرىسىدا كېسىم چىقاردى.

# نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك

ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇباسىت بىلەن ماخمۇت بىر نەچچە ئايدىن بېرى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلار ھەر ئىككىسى شوپۇر بولۇپ، قويۇق ئارىلىشىپ كېلىۋاتاتتى. 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ماخمۇت ئۆزىنىڭ «شىيالى» ماركىلىق كىرا ماشىنىسىدا دوستى ئابدۇباسىت بىلەن يەنە ئىككى قىزنى بىر نەچچە كۈن ئويناتتى.

بىر كۈنى ماخمۇتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى تاكسى ھەيدەپ تاپقان پۇلىنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، ماخمۇت: «بىرسىدە نېسىي قالغان» دەپ تاپا ـ تەنىدىن قۇتۇلدى. ئۇ ئاغىنىسى ئابدۇباسىتنى تېپىپ:

— نەچچە كۈندىن بېرى پۇل تاپماي ئوينىدۇق، سىلىمۇ ماشىنىدا بىللە ئوينىغاندىن كېيىن ماڭا بەش يۈز يۈەن پۇل بېرىڭلار، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئابدۇباسىتنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، ئەمما ئۇ چاندۇرماستىن:

— بولىدۇ، ماشىنا بىلەن خوتەن شەھىرىگە بارايلى، بىرسىدە پۇل بار، ئېلىپ بېرەي، — دېدى. ئابدۇباسىتنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى ماخمۇتنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

ئۇلار خوتەن شەھىرىنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىغا كەلگەندە، ئابدۇباسىتنىڭ بىر دوستى ئۇچرىدى. ماخمۇت ماشىنا ئىچىدە

قالدى. ئابدۇباسىت دوستى بىلەن بىر نەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

— ماۋۇ ماشىنىنى بىر ئاينىڭ ئالدىدا يىگىرمە بەش مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغانىدىم، پۇل لازىم بولۇپ قالدى، ئالىدىغان ئادەم بولسا ساتقان بولساق، — دېدى.

— ئەمسە ئەتە سەھەردە ئېلىپ كېلىڭلار، ئاكام كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى ئابدۇباسىتنىڭ دوستى ئاكىسىنىڭ ماشىنا سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ.

ئابدۇباسىت دوستى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ماخمۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۇنىڭدا ھازىر پۇل يوق ئىكەن، باشقا بىر كۈنى بېرىدىغان بولدى، — دېدى.

ئۇلار خوتەن شەھىرىدىن قايتىپ كېلىپ بىر رېستورانغا كىرىپ قانغۇچە يەيزى قىلىشتى. ئەتىسى سەھەردە ئابدۇباسىت ماخمۇتقا:

— ماشىناڭلارنى بېرىپ تۇرساڭلار، مەن يېزىدىكى قېينانامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ سىلىگە بەش يۈز يۈەن پۇل ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماخمۇت دەرھال ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئابدۇباسىتقا بەردى.

ئابدۇباسىت ماشىنىنى ھەيدىگەن پېتى خوتەن شەھىرىگە كېلىپ ئالدىنقى كۈنى كۆرۈشكەن دوستىغا چاقىرغۇ قىلدى. دوستى تېلېفوندا ماشىنىنى چوڭ بازار ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى ئېيتتى.

بۇ دەل 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ( يەكشەنبە)

بولۇپ، كوچىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئابدۇباسىت ماشىنىنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئېلىپ باردى. ئابدۇباسىتنىڭ دوستىنىڭ ئاكىسى ماشىنىنى كۆرۈپ سودىلاشتى. ئۇلار بىر ھازا تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ باھاسىنى ئون يەتتە مىڭ بەش يۈز يۈەنگە پۈتۈشتى. ماشىنىنىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرى ماشىنا ئىچىدە تولۇق ئىدى.

ئابدۇباسىت پۇلنى نەق ئېلىپ دەرھال ئۆزىنى يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى - دە، ئورۇمچىگە بارىدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى . . . . .

ئابدۇباسىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ماخمۇت ئۇنىڭ قېيناتىسىدىن ئېلىپ كىرىدىغان-بەش يۈز يۈەن پۇلنى ساقلاپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. لېكىن، ئابدۇباسىتتىن خەۋەر يوق ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك بولۇپ ناھىيە مەركىزىدىكى چوڭ - كىچىك بېكەتلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئابدۇباسىتنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، ئابدۇباسىتتىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. ماخمۇت تىت - تىت بولۇپ خوتەن شەھىرىدىن كەلگەن تاكسى شوپۇرلىرىدىن سۈرۈشتۈردى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن بىر شوپۇر ئۇنىڭغا: «سىلىنىڭ ماشىنا خوتەن شەھىرىدە تۇرىدۇ» دېيىدى، ماخمۇت چۆچۈگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ماخمۇت خوتەن شەھىرىگە بېرىپ كوچىمۇ كوچا ئىزدىدى. بىر چاغ بولغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى باشقا بىرسىنىڭ ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ماشىنىنى توسۇپ

ئىچىدىكى ئادەمدىن:

— بۇ مىنىڭ ماشىنام ئىدى، سىز ھەيدەپ يۈرىيسىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— نىمە ؟ مەن بۇگۈن بۇ ماشىنىنى پۇل ساناپ ئابدۇباسىت دەيدىغان بىرسىدىن سېتىۋالدىم، قانداقسىگە سىزنىڭ بولىدۇ؟ — دېدى ماشىنىدىكى ئادەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماخمۇتنىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئاخىرى ماشىنىدىكى ئادەمنىڭ ئىسمى، ئادرىسىنى خاتىرىلىۋېلىپ دەرھال ج خ ئورونلىرىغا دېلو مەلۇم قىلدى.

ج خ خادىملىرى ئەتراپلىق تەكشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇباسىتنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى.

ماخمۇت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى، ج خ خادىملىرىنىڭ ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ ماسلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئابدۇباسىت چۈنتىكىنى تومىلاپ بەھۇزۇر ئويناۋاتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ جاپاكەش ئاتا ـ ئانىسى پۇل تەييارلاپ، ماشىنىنى سېتىۋالغۇچىغا بەردى. ماشىنا ماخمۇتقا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

ئابدۇباسىت ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن پۇلنى تېخىمۇ كۆپ تېپىپ، راھەت كۆرۈش خام خىيالىدا ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇق تىجارەتچىلەر بىلەن تونۇشۇپ بىرلىكتە تىجارەت قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ بىر مەزگىل ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە كالا يۆتكەپ كېلىپ ساتتى. ئەمما ئۇ بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولمىغاچقا ئۆزۈنىغا

قالمايلا تىجارەتتە زىيان تارتىپ بۇ ئىشتىن يالتايدى. ئۇ ئەمدى نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي يۈرمەكتە ئىدى.

ئابدۇباسىت ئىش تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنى «غۇلجىلىق» دەپ ئاتىۋالغان ئابدۇساتتار ئىسىملىك بىرسى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار غۇلجىغا بېرىپ تىجارەت قىلماقچى بولۇشۇپ غۇلجىغا باردى ۋە كۈنەستىن قوناق يۆتكەپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

تىجارەت قىلىش داۋامىدا ئابدۇباسىت «غۇلجىلىق» ئابدۇساتتارنىڭ سىخلىسى سەييارە بىلەن ئاستىرتتىن كۆز بېقىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى مەنىلىك ئۇچراشقاندا ئابدۇباسىتنىڭ كۆڭلى يايراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىرخىل ئىللىق سېزىم تارالغاندەك بولاتتى.

2000 - يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئابدۇباسىت بىلەن ئابدۇساتتار ئىلى دەرياسى بويىغا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولۇشتى. ئابدۇباسىت يېنىدىكى 13 مىڭ يۈەندىن ئۈچ يۈز يۈەننى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى «مەشۇق»ى سەييارەنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە قالدۇردى.

ئۇلار ئىلى دەرياسى بويىغا كېلىپ ساياھەت قىلدى، قانغۇچە ئوينىدى. قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىلى دەريا بويلىرىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى ئابدۇباسىتنى تولىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئابدۇباسىت قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا كەلگەن ھاراقنى قايتۇرماي ئىچمەكتە ئىدى. ئۇ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچتى. ئاخىرى بارا - بارا خۇدىنى يوقىتىپ غەرق ئۇيقۇغا كەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئابدۇباسىت كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئويغانغاندا ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ يېنىدا «غۇلجىلىق» ئابدۇساتتارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇباسىت ئېغىرلاشقان بەدىنىنى تەسلىكتە كۆتۈرگىنىچە ئالدىراپ - تېنەپ بۇ « كۆيۈمچان » دوستىنى ئىزدەپ قاراڭغۇ چۇشكەندە ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلدى، ئەمما ئۇنىڭ تۇرالغۇسىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قوشنا ئۆيدىكىلەردىن سۈرۈشتە قىلىپ ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتتى - دە، بارمىقىنى چىشلىگەن پېتى تۇرۇپ قالدى.

ئەسلىدە ئۆزىنى «غۇلجىلىق» دەۋالغان ئابدۇساتتار بىلەن سەييارەلەر بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئابدۇباسىتنىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆينى قايتۇرۇۋېتىپ ئاللىقاياقلارغا تىكىۋېتىشكەنىدى.

بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ئابدۇباسىتنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ ئۆرە تۇرغۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خېلى نۇرغۇن پۇلنى كۆتۈرۈپ بايۋەچچىلەردەك گېدىيىپ يۈرگەن ئابدۇباسىت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ھەممىدىن قۇرۇق قالغانىدى.

ئابدۇباسىت ئۆزىدە قالغان ئازراق پۇل بىلەن غۇلجا، قاراماي قاتارلىق جايلارنى بىرنەچچە كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇساتتارلارنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلىدى. تاپقان پۇللىرىنى يىغىپ يەنە غۇلجا، قاراماىلارغا

بىرىپ ھېلىقى «غولجىلىق»لارنى ئىزدىدى. ئەمما قارىسىغا ئىزدەش ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇ تويۇقسىز كەلگەن ئامىتىنىڭ بىردەمدىلا خۇددى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك تۇزۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىچى تىتىلداپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك بولۇپ كەتتى.

ئابدۇباسىت ئۇرۇمچىدە بىرنەچچە كۈن ئىش ئىزدەپ يۈرگەن بولسىمۇ كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىرەر ئىش تاپالمىدى. ئۇ ئىلاجىسىز مارالبېشى ناھىيىسىگە كېلىپ يول قۇرۇلۇشىدا ئىشلىدى . ئەمما، ئېغىر ئەمگەك قىلىپ باقمىغان بۇ «بايۋەچچە» بۇ يەردىمۇ تۇزۇك پۇلغا ئىشلىيەلمىدى. ئەمدىلىكتە جاھان ئۇنىڭغا تار كېلىۋاتقاندەك بىرخىل تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرماشقا باشلىغانىدى.

«ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار» دېگەندەك ، ئۇ ئاخىر يەنە مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا بويۇن قىسىپ قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

2001 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19- كۈنى ئابدۇباسىت جىنايەت يولىغا قەدەم باسقانلىقىنىڭ بىر يىللىق «خاتىرە» كۈنىدە قانۇن تورىغا چۈشتى. ئۇ 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

# شۇملۇق ھۆۋلىغان كېچە

بىزنىڭ بۇ يۇرتتا شۇنداق ئاۋات، گۈزەل بىر كەنت بار. قەدىمدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن داڭق چىقارغان بۇ كەنتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئەزەلدىن ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ قات قېتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئاق كۆڭۈللىكى، ۋاپادار ــ ساداقەتمەنلىكى بىلەن بىر ــ بىرىگە چەكسىز مېھىر ــ شەپقەت يەتكۈزۈپ، بۇ يۇرتنى شاۋقۇنلۇق ھايات قاينىمىغا چۆمدۈرۈپ كەلگەن. ئەپسۇس، ئويلىمىغان يەردىن چىققان نائەھلىلەرنىڭ بىر قېتىملىق شەرمەندىچىلىكى كۆل سۈيىدەك تىپتىنچ تۇرغان قەلبلەرنى يېرىم گەندۈرۈپ، بۇ قەدىمىي كەنتنىڭ گۈزەل سىيماسىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويدى...

2001 ــ يىلى 18 ــ نويابىر سەھەر سائەت ئۈچ بولغان چاغ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى، پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۆز قوينىدا ئەللەيلىتىپ ئۇخلىتىپ ھاردۇق يەتكەن ئانا يەرمۇ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مانا مۇشۇنداق سۈكۈتكە چۆمگەن تىمتاس كېچىدە، كېچىدىن بېرى قەلبى ئازار يېگەن، ۋۇجۇدى خورلانغان، تارتقان دەرد ــ ئەلىمى مىسكىن يۈرىكىنى خۇددى ھەرە كۆنىكىدەك ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەن بىر ئاجىزە كېچىنىڭ سوغۇقىدا توڭۇپ تىترەۋاتقان ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان قورقۇنچ، ئۆتۈنۈش ئىلكىدە ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئەنسىز چېكىپ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزماقتا ئىدى. شېرىن

ئۆيقـۇنى بـۇزۇپ، تەسـتە ئىشـىكنى ئاچقـان كىشـىلەر بىـر نىمىلـەرنى دەپ ئۇنى يولغـا سېلىشـاتتى. ئۇ ماغدۇرسـىزلانغان ئېغىـر قـەدەملىرىنى تەسـتە يۆتكىگـىنىچە، يەنـە كىملەرنىڭـدۇر ئىشـىكىنى چېكـەتتى. ئـۇنىڭ قـاتتىق تايـاق زەربىسـىدىن يېرىلغان لەۋلىرىدىن چىققان قان جاۋغىيىدا قېتىپ قالغانىدى، جاراھەتلەنگـەن لـەۋلىرى سوغۇقتا خـۇددى ھـەرە چېقىۋالغانـدەك يىرىلداپ ئېچىشـاتتى. ئۇ ئـاخىرى ئىزدىگـەن ئۆينى تاپقانـدەك قىلدى ـ دە، ئۆينىڭ ئالدىغا ئاستا بېرىپ ئىشىكنى چەكتى.

ـ كىم ؟ ـ دېدى بىر ئەر كىشى ھويلىغا چىقىپ.

ـ مەن ، بۇ ئامانلىق مۇدىرىنىڭ ئۆيىمۇ ؟

ـ ھـە شـۇنداق ، سـىز كـىم بولىسـىز ، بـۇ كېچىـدە نېمـە ئىشىڭىز بار ؟

ـ مـەن باھارگـۈل ، قۇمـدۆڭ كەنتىـدىن بولىمـەن ، ئاخشـام ئاچامنىـڭ ئۆيىگـە بېـرىش ئۈچـۈن كېتىۋاتـاتتىم ، بـۇ يەرگـە كەلگـەندە ئىككـى ئـادەم مېنـى بـوزەك قىلىـپ . . . كېيىـن يانچۇقۇمدىكى پۇلۇمنى تارتىۋالدى .

ئـۇنىڭ خورلـۇق ئارىلاشـقان ئەلـەملىك ياشـلىرى كـۆز چاناقلىرىـدىن ئېتىلىپ چىقتـى . ئامـانلىق مـۇدىرى قىزنىـڭ سۆزىنى ئاڭلىغانـدىن كېيىـن ئىشـىكنى ئېچىـپ سىرتقا چىقتـى ھەمدە :

ـ ھە ، نېمە ئىش بولدى ؟ تەپسىلىيرەك سۆزلەڭ ، ـ دېدى ئۇ باھارگۈلنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ .

2001 - يىلـى 17 - نـۇيابىر كـەچ ، دەل رامىزاننىـڭ 1 - كۈنى ئىدى . باھارگـۈل ئـېيتاردىن كېيىـن ئـۆز ئۆيىـدىن تـۆت ـ

بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى . ئۇ ئۆيدىن چىققاندا قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ ، بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە كۆزلىگەن يېرىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن يېزا ئۆستىڭىنى بويلاپ تېز - تېز قەدەم بىلەن كېتىپ باراتتى . ئۇ بىرەر سائەتتەك يول يۈرۈپ بارماقچى بولغان كەنت تەۋەسىگە ئۆتتى . يەنە ئازراق يول ماڭسا ئاچىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئامان - ئېسەن بېرىۋالاتتى .

باھارگۈل يېنىك قەدەم بىلەن شۇنداق تەمكىن كېتىۋاتقاندا بىر كىشى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىغىنىچە ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىن كېلىپ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى . باھارگۈل بىر نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بىر يوغان گەۋدە كېلىپ ئۇنى كاپپىدە قۇچاقلىۋالدى . ھېلىقى تاماكا چېكىپ ماڭغان بىكار تەلەپ مۇشۇ كەنتلىك ئىمىن ئىدى . باھارگۈل بونداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغاندى . بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتكەن باھارگۈل «ۋايجان! »دەپ تووۋلىۋەتتى ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ چىرقىرىغان ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ئەكس سادا قايتۇرۇپ جىمجىت سەھرا ئاسمىنىغا سىڭىپ كەتتى .

- ئاۋازىڭنى چىقارما ، ھېلى بىكار! ، . . . - ئىمىننىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى باھارگۈلنىڭ ئاجىز يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلدى .

- نېمە قىلماقچى سەن ؟ مېنى قويۇۋەت ، قۇتقۇزۇڭلار.

- باھارگۈل شۇنداق دېدىيۇ ، لېكىن ئاۋازى شۇنداق زەئىپ چىقتى . ئۇنىڭ قورقۇنچ ئارىلاشقان تىترەڭگۈ ئاۋازىنى بىر كۈن

روزا تۇتۇپ پۈت ـ قولىرى بوشىشىپ ، ئۆيلىرىدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ، شېرىن ئۇيقۇدا مۈگدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاڭلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . باھارگۈل بۇ مەخلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خېلى تىركەشكەن بولسىمۇ ئامال بولمىدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ قولىغا قاچانلاردىن چىقىپ قالغان ، قاراڭغۇدا «يالت» قىلىپ پالىلداپ تۇرغان پىچاقنى كۆرگەن باھارگۈلنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى چەكسىز ئەنسىزلىك ئىچىدە بوشىشىپ روھىي تېنىدىن ئاجراپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى . ئىمىن ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ ، ماي يولىدىن قايرىلىپ بىر تار كوچىغا جايلاشقان ئۆينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئۆي ئىگىسىنى چاقىردى . بۇ ئۆي ئىمىننىڭ دوستى ھاشىمنىڭ ئۆيى ئىدى . ھاشىم چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ، ئەمما باھارگۈل كىرگىلى ئۇنىمىدى . بىراق ئىمىن ئۇنى مەجبۇرىي تارتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ :

— بۈگۈن بىز بىلەن ئوينايسەن ، — دېدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان باھارگۈل تولىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ ئىمىنغا يېلىنىشقا باشلىدى :

— خوش بولاي ، مەن بۇنداق يولدا مېڭىپ ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باققان ئادەم ئەمەس .

— ھە ، پۇل بەرسەم ئۇنارسەن ، — دېدى ئىمىن يانچۇقىدىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ .

— ياق .

— ياق ؟ ئالە بۇنى ، — ئىمىن پۇلنى باھارگۈلنىڭ قولىغا مەجبۇرىي تۇتقۇزۇپ قويدى . باھارگۈل پۇلنى دەرھال سۇپىا

ئۈستىگە تاشلىۋەتتى .

— پۇلنى ئاز كۆرگەن ئوخشىمامسەن ، جىقراق بەرسەمغۇ ماقۇل دەرسەن ؟ — دېدى ئىمىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلنى قولىغا ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ، ئاندىن يەنە يىگىرمە يۈەنلىك پۇلدىن بەشنى چىقاردى — دە ، باھارگۈلگە تەڭلىدى . ئەمما ، باھارگۈل ئۇ پۇلنى ئالماي جىم تۇرىۋالدى. ئىمىن ئاخىرى ئۇ پۇلنى باھارگۈلنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— چىقە، ئاۋۇ ئورۇنغا، — ئېمىن شۇنداق دېگىنىچە باھارگۈلنىڭ قولىدىن تارتىپ ئىلگىرى سۇپا ئۈستىدە سېلىپ قويۇلغان كۆرپە ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. خېلىدىن بېرى قورقۇپ ھالى قالمىغان باھارگۈل ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى.

ھاشىم سىرتتىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئىمىن باھارگۈلنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ھاشىمنى چاقىرىپ ئۇنىڭمۇ باھارگۈلنىڭ يېنىغا كېلىشىنى ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ ئىمىن بىلەن ھاشىم ئارقا ـ ئارقىدىن باھارگۈلنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىنى بىر نەچچە قېتىم ئاياغ ـ ئاستى قىلدى. شۇ تاپتا نىيىتى يامان ئىمىن باياتىن باھارگۈلگە بەرگەن پۇلنى ئېلىۋېلىش غەرىزىدە كۆڭلىدە توختىماي چوت سوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى تولىمۇ نومۇسسىزلىق بىلەن باھارگۈلنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق پۇللىرىنى ئېلىۋالدى.

پاك ۋۇجۇدى بۇلغانغان، قەلبى چىدىغۇسىز جاراھەتلەنگەن باھارگۈل ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئۆي ئىچىگە قويۇپ

قويۇلغان كەكە بىلەن بىر دانە پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭنىڭ يولىنى ئال، مېنىڭ يولۇمنى قايتۇرۇپ بەر، - دەپ ۋارقىرىدى. ئىمىن يەنە نومۇس قىلماي يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، باھارگۈلگە تەھدىت سالدى. ئۇنىڭ بۇ تەلۋىلىكىنى كۆرگەن باھارگۈل يەنە قورقتى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن ھاشىم، باھارگۈلنى كاپلا قىلىپ قوچاقلاپ ئۇنىڭ قولىدىكى كەكە بىلەن پىچاقنى تارتىۋالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىمىن غىپپىدىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئىمىننىڭ قىچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن باھارگۈل ھاشىمنىڭ يۈزىگە ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ:

— دوستۇڭنى سەن قاچۇرىۋەتتىڭ، مېنىڭ يولۇمنى تېپىپ بەر، — دېدى. شۇ تاپتا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان باھارگۈلنىڭ ئاجىز قوللىرى ھاشىمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغانىدى.

باھارگۈلدىن ئىككى شاپىلاق يېگەن ھاشىمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى- دە، باھارگۈلنى بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. باھارگۈلنىڭ لەۋلىرى يېرىلىپ ئاغزى قانىدى. بېشى زىڭىلداپ، بەدەنلىرى كۆيۈشۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

بىر نەچچە سائەتلىك ۋاقىت باھارگۈلگە خۇددى بىرنەچچە يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، كىيىملىرىنى كىيىپ ھاجەت قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ ئۆزۈنىچە يىغلاپ ئولتۇردى. ھاشىممۇ سىرتقا چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ يەنە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن باھارگۈل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك

تۇۋىگە كەلدى- دە، ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ قويدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يولغا چىقىپ، بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. باھارگۈل بولغان ئىشنى ئىشىك ئاچقۇچىغا ئېيتىۋىدى، ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى دەرھال ئامانلىق مۇدىرى ئابلەتكە ئېيتىشنى بۇيرىدى.

شۇنداق قىلىپ باھارگۈل سوكوتكە چۆمگەن جىمجىت سەھرا قويندا، بىرنەچچە ئۆيگە تەلمۈرۈپ ئىشىك چېكىش ئارقىلىق، مىڭ جاپادا ئامانلىق مۇدىرى ئابلەتنىڭ ئۆيىنى تاپتى.

ئىشنىڭ جەريانىنى ئاڭلىغان ئابلەت بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن باھارگۈلدىن سورىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمە ئالتىگە.

— نىكاھلانغانمۇ؟

— ئىككى قېتىم نىكاھلىق بولغان.

— سىزنىڭ نەچچە پۇلىڭىزنى ئېلىۋالدى؟

— 1136 يۈەننى ئېلىۋالدى.

— بۇنچە كۆپ پۇلنى سىز قەيەردىن تاپقان؟

— ئانام ساقلاپ بېرىك، دەپ بەرگەن.

ئابلەت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ باھارگۈل بىلەن بىرگە هاشىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ هاشىمدىن بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سورۇشتۇرگەندىن كېيىن:

— ئىككىڭلار مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە بېرىپ زولۇق يەپ كېلەي، بۇ ئىشنى ئەتىگەندە بىرتەرەپ قىلىمىز، — دېدى.

باھارگۈل بىلەن ھاشىم ئۆيدە قالدى. ئابلەت يەنە ئىشىكنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ ئۆيگە كەتتى.

تۇن يەردىسى يىرتىلىپ تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ ئابلەت ئۆيگە كىردى. ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئىشنى قانداق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئويلىنىپ «ئايال كىشى دېگەننىڭ ھىيلىسى تولا، ئۇ پۇلنى باشقا جايغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارغا قارا چاپلىدىمۇ تېخى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن باھارگۈلنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇش قارارىغا كەلدى.

تاڭ يورۇغان بولسىمۇ ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. ئابلەت ھاشىمنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ باھارگۈلنىڭ كىيىملىرىنى ئاختۇردى، ئەمما باھارگۈلنىڭ يانچۇقىدا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇ باھارگۈلگە بۇيرۇق قىلدى:

— ئايال كىشى دېگەننىڭ ھىيلىسى تولا خەق، سەن ئۇ پۇلنى باشقا يېرىڭگە تىقىپ قويدۇڭمۇ تېخى، شۇڭا سېنى تەپسىلىي ئاختۇرىمەن، كىيىمىڭنى سال.

باھارگۈل ئابلەتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتى.

— بۇ... بۇنداق قىلسىلا قانداق بولىدۇ؟ مەن يالغان ئېيتمىدىم، مەن پۇلنى باشقا يەرگە تىقىپ قويغىنىم يوق.

— سال دېگەندىكىن سالامسەن، بۇ دېگەن تەكشۈرۈش، ھەممىسىنى سال!

باھارگۈل بۇ ئادەمنىڭ بۇيرۇقى ئالدىدا ئار - نومۇسقا بەرداشلىق بېرىپ، ھەممە كىيىمنى سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ

خورلۇق ئىچىدە تىپىچەكلەۋاتقان كىچىككىنە يۈرىكى، ياق، پۈتۈن ۋۇجۇدى تولغىنىپ يىغلىماقتا ئىدى. ئابلەت ئاساسى قاتلامدا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم تۇرۇقلۇق جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا ئاياللارنىڭ بەدىنىنى ئايال خادىملار ئاختۇرۇش لازىملىقىدىن ئىبارەت بەلگىلىمىنى قىلچە خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. باھارگۈل ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئۆز ئائىسىدەك بىر ئەرنىڭ ئالدىدا ئاندىن تۇغما ھالەتتە تۇرغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ غال — غال تىترىمەكتە ئىدى.

ئابلەت جىنچىراغنى قولىغا ئېلىپ باھارگۈلگە يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ ئاپئاق بەدەنلىرىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. باھارگۈلنىڭ غۇۋا چىراغ يورۇقىدا بىلىق قاسىرقىدەك پارقىراپ تۇرغان يۇمران تېنى گويا دەريادىن يېڭىلا سۈزۈپ ئېلىنغان سۈزۈك قاشتېشىنى ئەسلىتەتتى. شۇ تاپتا ئابلەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىرخىل ياۋۇز كۆچ ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇ باھارگۈلنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. باھارگۈلنىڭ دىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، چوقچىيىپ تۇرغان يۇمران كۆكسىگە كۆزى چۈشكىنىدە يۈرىكى ئەسەبىيلەرچە تىپىچەكلەپ كەتتى.

باھارگۈل نومۇسقا چىدىماي ئىككى پۇتىنى چىڭ يىغىۋالغانىدى.

— مانداق قىلە، ئايال كىشى دېگەن شەيتان خەق، سەن پۇلنى باشقا يېرىڭگە تىقىۋالدىڭمۇ تېخى، — دېدى ئابلەت باھارگۈلنىڭ تىزىدىن تۇتۇپ تارتىپ، — ئۇ يېرىڭنىمۇ ئاختۇرىمەن.

ئابلەت شۇنداق دېگىنچە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى

باھارگۈلنىڭ ئۆيىتالىق يېرىگە تەگكۈزدى. باھارگۈل كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ تىترەۋاتقان تەنلىرى خۇددى تىكەن سانجىلغاندەك سىلكىنىپ كەتتى.

ئابلەت باھارگۈلنىڭ ھەممە يېرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باھارگۈلنى كىيىمىنى كىيىشكە بۇيرۇدى ۋە سىرتقا چىقىپ ھاشىمنى چاقىرىپ:

— سەن ئىمنىنى نەدە بولسا تېپىپ كەل، چاپسان بول! — دەپ ئۇنى يولغا سېلىۋەتتى.

ئەمدىلىكتە ئۆي ئابلەتكە ئۇخچە قالغانىدى.

—سەن كېچىدىن بېرى ئۇ ئىككىسى بىلەن بىرگە بوپسەن، ئەمدى مەن بىلەن بىرگە بول، — دېدى ئابلەت باھارگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھىجايغىنىچە.

— توۋا دېسىلە، سىلى دېگەن مېنىڭ دادامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، مېنىڭ كېچىدىن بېرى تارتقان ئازابىم ئۆزۈمگە يېتىدۇ، ئۇنداق ئىشنى قىلمىسىلا، — دېدى باھارگۈل يالۋۇرۇپ. ئەمما ھايۋانىي نەپسىنى باسالماي قېلىۋاتقان ئابلەت تاقەت قىلالماي ئۆزىنىڭ بىر قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، رامزاندا ناشايان ئىش قىلسا كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولىدىغانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇغان ھالدا باھارگۈلنىڭ خورلانغان تېنىنى شەپقەتسىزلەرچە ئاستىغا باستى . . .

ئابلەت بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بۇ ئىشنى بىرتەرەپ قىلىمەن دەپ باھارگۈلنى ئالدىدى، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى. ئابلەت ئاخىر يېزىلىق ساقچىخانىغا بېرىپ ئىمىن بىلەن ھاشىمنىڭ قىلمىشىنى مەلۇم قىلدىيۇ، ئەمما ئۆز

قىلمىشنى ئېيتمىدى.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ج خ ئىدارىسىدىكى رازۋېدكىچى خادىملار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى باھارگۇلدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، دەلىل - ئىسپات توپلىغاندىن كېيىن دەرھال دېلو تۇرغۇزۇپ ئابلەتنىڭ تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جىنايەت گۇماندارى ئابلەت قانۇنسىز ئاختۇرۇش، باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بىرىنچى سوتتا جاۋابكار ئابلەتنىڭ باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىگە مۇددەتلىك بەش يىللىق، قانۇنسىز ئاختۇرۇش جىنايىتىگە مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، بىر نەچچە خىل جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش پىرىنسىپى بويىچە ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىدىغان جازا مۇددىتى يەتتە يىل قىلىپ بېكىتىلدى.

ھۆكۈم يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن جاۋابكار ئابلەت قايىل بولماي ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز سۇندى. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، جاۋابكار ئابلەتنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىپ ئەسلىي سوت ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلدى.

(جىنايەت گۇماندارى ئىمىن بىلەن ھاشىم ئايرىم دېلودا بىرتەرەپ قىلىندى)

## چىلبۆرىگە يەم بولغان گۇناھسىز تۇتقۇن

### رەزىل نىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى

«سادىققا قىممەت باھالىق قاشتېشى چىقىپ نۇرغۇن پۇلغا سېتىپتۇ» دېگەن گەپ ھەش ـ پەش دېگۈچە مەھەللىگە پۇر كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇنىڭ ئاستىدىن سۆيۈندى. لېكىن بىر قىسىم ئىچى قوتۇر كىشىلەرنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى، بولۇپمۇ بۇ خەۋەر سادىقنىڭ قوشنىسى غوپۇرنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ سادىقتىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. مەكتەپ يۈزى كۆرمەي ساۋاتسىز قالغان غوپۇر نۇرغۇن جايلاردا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئۆز ۋۇجۇدىدا تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ ئاخىر بىر شۇملۇقنى پىلانلاپ چىقتى ـ دە، ئىچ ـ ئىچىدىن خوش بولۇپ كەتتى.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى كەچتە غوپۇر ئاغىنىسى ۋاخاپنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ـ ئاداش، ـ دېدى غوپۇر ۋاخاپنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، ـ سادىققا قاشتېشى چىقىپ نۇرغۇن پۇلغا سېتىپتۇدەك، ئۇنىڭ ياكى تۇغقانلىرىنىڭ بىرەر بالىسىنى تۇتقۇن قىلىپ پۇل

ئۇندۇرۇۋالساق قانداق؟

— بۇ.... بۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ — دېدى ۋاخاپ سەل ئارىسالدى بولۇپ.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، بالىنى تاغارغا سولاپ بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن تېلېفون ئارقىلىق كارتا نومۇرىنى دەپ بېرىپ، كارتىغا پۇل سالغۇزىمىز.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى.

— ئۇنداق بولسا، سەن بالىنى تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن «مۇشۇ كارتىغا پۇل سال» دەپ تېلېفون بەرسەڭ بولىدۇ، — دېدى غوپۇر يانچۇقىدىن 2002 - يىلى ۋۇخەن شەھىرىدە بېجىرگەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كارتىسىنى چىقىرىپ، — سادىقنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى مانا...

غوپۇر تېلېفون نومۇرىنى ۋاخاپقا يېزىپ بېرىپ قايتىپ كەتتى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋاخاپتىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى. پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش كويىدا ئىچى تىتىلداپ كەتكەن غوپۇر ۋاخاپنىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدى. ئۇ ۋاخاپقا: « مۇشۇ بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە تۇتقۇن قىلىپ ئىشىنى تۈگىتەيلى» دەپ قايتا - قايتا جېكىلەپ قويۇپ قايتىپ كەتتى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈش مەزگىلى ئىدى. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىغان بولۇپ، تىنجىق ھاۋا ئادەمنىڭ دېمىنى سىقاتتى. بۇرۇقتۇملۇقتىن زېرىككەن ۋاخاپ ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. شۇ كۈنلەر ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يايپېتەك بولۇپ

يۇرەتتى. لېكىن ۋاخاپنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس خەيرلىك ئىش بولغان تويدىن كۆرە جىنايەت ئارقىلىق پۇلغا ئېرىشىش ئىستىكى بەكرەك قىزىقتۇرماقتا ئىدى. ۋاخاپ تەگسىز خىياللار دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرۈپ بىرەر سائەتتەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. دەل شۇ چاغدا ۋاخاپنىڭ ئاچىسىنىڭ ئىككى بالىسى بىلەن سادىقنىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى مۇختەر ۋاخاپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. باللار ۋاخاپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. مۇختەرگە پات ـ پات تىكىلىۋاتقان ۋاخاپنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىدە ياۋۇزلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى. ئۇ مۇختەرنى تۇتقۇن قىلىش قارارىغا كەلدى. لېكىن مۇختەر يالغۇز ئەمەس، قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاخاپنىڭ ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا مۇختەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى بالا سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى، لېكىن مۇختەر بولسا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ بېرىلىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ۋاخاپنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ بىر خالتا ئېلىپ كىردى. ئەپسۇس، مۇختەر ئۆزىنىڭ بېشىغا يېقىنلاپ كەلگەن شۇملۇقتىن، ئىچىنىشلىق قىسمەتتىن تامامەن بىخەۋەر ھالدا تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ۋاخاپ خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ مۇختەرنى خالتىغا سولاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋىدى، مۇختەر بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ۋاخاپ مۇختەرنى سۆيىغا يېقىنتىپ، يەنە خالتىغا سولىماقچى بولدى. قورقۇپ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان مۇختەر: «مېنى

قويـــۇۋەت!» دەپ ۋارقىرىـــدى. مۇختـــەرنىڭ ۋارقىرىغىنىغـــا ئـاچچىقى كەلگـەن ۋاخـاپ سـول قولى بىلـەن ئـۇنىڭ ئـاغزىنى مەھكەم تـۇتتى ــ دە، ئوڭ قولى بىلـەن گېلىنى قـاتتىق سىقتى. نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قېلىۋاتقان بەختسىز سەبىينىڭ كۆز چاناقلىرى يوغىناپ كەتتى، بۇدرۇققىنا پۇت ـ قوللىرى تېپىرلىدى، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ۋاقىت سىكۇنتلاپ ئۆتمەكتـە ئىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ۋاخاپنىڭ ئامبۇردەك قوللىرى ئاستىدا ئاجىز تېپىرلاۋاتقان بۇ كىچىك جاننىڭ ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئاخىر پۈتۈنلەي توختىدى. ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن سەبىي بالىنىڭ قىممەتلىك ھاياتى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ يىرتقـۇچ نائـــەھلىنىڭ شەپقەتسىـــز قـــوللىرى ئاســـتىدا رەھىمسىزلىك بىلەن نابۇت قىلىۋېتىلدى.

ۋاخـاپ مۇختـەرنىڭ تاتارغـان چىرايىغـا قارىـدى. ئـۇنىڭ قـان قۇيۇلغان كۆزلىرى شۇئان مۇختەرنىڭ بوينىدىكى قىزىل يىپقا چۈشـــتى. «ئۆلمىگـــەن بولســـا، ھېلـــى ھوشـــىغا كـــېلىپ ۋارقىرىمىسـۇن» دېگـەنلەرنى خىيالىـدىن ئۆتكۈزگـەن ۋاخـاپ مۇختەرنىڭ بوينىدىكى يىپنى تېزلىكتە سۇغۇرۇپ ئالدى ــ دە، ئىككى قات قىلىپ مۇختەرنىڭ بوينىغا مەھكەم چىگىۋەتتى. ئۇ مۇختەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن جەسەتنى ئۆيىنىڭ مۇنچىخانىسىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئۇ بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ سىرتقا چىقتى ــ دە، ئاچىسىنىڭ ئويناۋاتقان بالىلىرنى تېپىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى....

كەچ كىردى. مۇختەرنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرىگەن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەشكە باشلىدى. مۇختەر تېپىلمىغانسېرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قاپلىغان ئەندىشە بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ مۇختەرنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلگەن ۋاخاپ چاندۇرماستىن مۇختەرنى «ئىزدىشىپ» بېرىپ قايتىپ كەلگەن ۋاخاپ كېچە سائەت نۆل ئەتراپىدا قولىغا كەتمەن ئېلىپ ئۆيىنىڭ كەينىگە چىقتى ۋە بىغىنىڭ يېنىدىكى ئېرىق ئىچىدىن بىر ئورەك كولىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ مۇختەرنىڭ جەسىتىنى ئاستا كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە، ھېلىقى ئورەككە تاشلاپ كۆمۈۋەتتى.

ھېچ يەردىن مۇختەرنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغان ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرت ـ مەھەللە ھەممىسى ئورە ـ تۆپە بولۇپ كېتىشتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ۋاخاپ غوپۇر بىلەن كۆرۈشتى.

ـ مەن مۇختەرنى تۇتقۇن قىلغاندىم، ـ دېدى ۋاخاپ غوپۇرغا، ـ ئۇ ۋارقىرىغاندى، «ۋارقىرىما» دەپ گېلىنى سىقسام ئۆلۈپ قالدى، ئۇنى ئۆيۈمنىڭ كەينىگە ئېلىپ چىقىپ كۆمۈۋەتتىم...

ـ بولىدىغان ئىش بوپتۇ، ئەمدى سەن سادىقنىڭ ئۆيىگە « كارتىغا پۇل سال» دەپ تېلېفون بەر.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە ۋاخاپ خوتەن شەھىرىگە كەلدى. ئۇ بىر تېلېفونخانىدىن غوپۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سادىقنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى. تېلېفوننى بىر ئايال ئالدى. ۋاخاپ ئۇنىڭغا مۇختەرنىڭ دادىسىنى چاقىرىشنى بۇيرۇپ

تورۇپكىنى قويىۋەتتى. ۋاخاپ ئۇ يەردىن چىقىپ يەنە بىر تېلېفون بوتكىسىغا باردى. ئۇ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن، سادىقنىڭ ئۆيىگە يەنە تېلېفون بەردى. بۇ قېتىم تېلېفوننى ئالغۇچى دەل مۇختەرنىڭ دادىسى ئىدى.

— قولۇڭغا دەرھال قەلەم — قەغەز ئېلىپ مۇنۇ كارتا نومۇرىنى خاتىرىلە!

ۋاخاپ كارتا نومۇرىنى دەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— بالاڭ بىزنىڭ قولىمىزدا، سەن مۇشۇ كارتىغا دەرھال 25 مىڭ يۈەن پۇل سال، بالامنى ساق — سالامەت كۆرىمەن دېسەڭ، ساقچىغا مەلۇم قىلغۇچى بولما، — دېدى — دە، تېلېفوننى قويىۋەتتى.

## چىلبۆرىنىڭ تورغا چۈشۈشى

مۇختەرنىڭ ئاتا — ئانا، ئۇرۇق — تۇغقانلىرىنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى، پەرزەنت ئۈچۈندا كۆيگەن يۈرەكلىرى پارە — پارە بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇزاق كېڭىشىشتىن كېيىن ئەھۋالنى ج خ ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

دېلودىن خەۋەر تاپقان خوتەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى مەخسۇس كۆچ تەشكىللەپ، تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار كارتا نومۇرىنى تەكشۈرۈپ، مەزكۇر كارتىنىڭ 2002 — يىلى 12 — ئايدا ۋۇخەن شەھىرىدە «غوپۇر» نامىدا

بېجىرىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئەمدىكى گەپ غوپۇر دېگەن بۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىدى. رازۋېدكىچىلار بانكىدا تەرەپتىن كارتا ئىگىسىنىڭ كىملىك نومۇرىنى تەمىنلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، بانكا تەرەپ مۇئامىلىدارلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى. تەكشۈرۈش تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. رازۋېدكىچىلار تۇرلۇك چارە ــ ئاماللارنى قوللىنىپ ج خ مىنىستىرلىقى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن ۋۇخەن شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن مەزكۇر كارتا ئىگىسىنىڭ كىملىك نومۇرىنىڭ فاكس خاتىرىسىگە ئېرىشتى. تەكشۈرۈشتە زور ئىلگىرىلەش بولدى. راۋېدكىچىلار كىملىك نومۇرىغا ئاساسەن كارتا ئىگىسىنىڭ سادىقنىڭ قوشنىسى غوپۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. زور گۇمان غوپۇرغا مەركەزلەشتى. ئۇلار غوپۇرنى تۇتۇپ سوراق قىلدى، ئەمما غوپۇر كۆز بويامچىلىق قىلىپ راست گەپ قىلمىدى. ئۇ: «ئۈچ ــ تۆت ئاي ئىلگىرى ۋاخاپ ئاچامنىڭ ئېرى ماڭا پۇل ئەۋەتمەكچى ئىدى، مەندە كارتا يوق. شۇڭا، كارتاڭنى بېرىپ تۇر، دېگەنىدى. مەن كارتىنى ۋاخاپقا بەرگەن» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى. رازۋېدكىچىلار دەرھال ۋاخاپنى تۇتۇپ سوراق قىلدى، ۋاخاپمۇ ھىيلە ــ نەيرەڭ ئىشلەتمەكچى بولدى. ئۇ: «كارتىنى بازاردا يانچۇقۇمدىن ئوغرى ئېلىۋالغان» دەپ يالغان ئېيتتى. رازۋېدكىچىلار ۋاخاپنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋاخاپنىڭ ئۆيى قانۇن بويىچە ئاختۇرۇلدى. ئاختۇرۇش داۋامىدا ۋاخاپنىڭ ئۆيىدىن غوپۇر بەرگەن كارتا بىلەن

سادىقنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى خاتىرىلەنگەن بىر مولۇق قەغەز پۇل قولغا چۈشتى. پولاتتەك پاكىت ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلار ئالدىدا غوپۇر بىلەن ۋاخاپ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

مۇختەرنىڭ جەسىتى كولاپ چىقىرىلدى. يىرىغىرىم ئىسسىق كۈنلەردە تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلگىنىگە 32 كۈن بولغان جەسەت ئاللىقاچان چىرىپ تونۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. مۇختەرنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانىسى ياقا يىرتىپ زار ـ زار يىغلىدى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ جامائەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئازابلىق ياشلار سەلدەك ئاقتى.

قانۇن دوختۇرى جەسەتنى تەكشۈرۈپ: «ئۆلگۈچى بوينى باشقىلار تەرىپىدىن بوغۇلۇپ، تىل سۆڭىكى چوڭ مۇڭگۈز قىسمى، قالقانسىمان كۆمۈرچەك يۇقىرىقى مۇڭگۈز قىسمى سۇنۇپ، تۇنجۇقۇش خاراكتېرلىك شوك بولۇپ ئۆلگەن» دەپ يەكۈن چىقاردى.

جىنايەت گۇمانداری ۋاخاپ بىلەن غوپۇر 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خوتەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مەزكۇر دېلوغا قاراپ چىقىپ، جاۋابكار ۋاخاپ بىلەن غوپۇرنىڭ تۇتقۇن قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، قوشۇمچە 5000 يۈەنلىك مال ـ مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدا بىرىنچى سوت ھۆكۈمى چىقاردى.

# سەبىي قىزنىڭ ئازابى

1

2003 – يىلى 4 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ھېلىلا يامغۇر ياغىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەتىگەندىن بېرى قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان رەشىدە سۇپا ئۈستىدە تولغىنىپ ياتاتتى. قىزىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئايىمخان ئانا ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى – دە، قىزىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى.

– قىزىم، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ دورا ئەكىلىپ بېرەي دېسەم تېخى ئۇنىمايسەن، جېنىم بالام بۇنداق يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ، مەن ئۆز ئاناڭ بولغاندىكىن قانداقلا ئىش بولسا دېگىن.

– تۇ... تۈنۈگۈن... قوشنىمىزنىڭ بالىسى ئىمىن مېنى بوزەك قىلدى.

– نېمە، ئۇ سېنى قانداق بوزەك قىلدى؟ چاپسانراق ئېيت.

– تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىلەر بازارغا كەتكەندە، مەن ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي دەپ كېتىۋاتسام ئىمىن مېنى تۇتۇۋېلىپ، سايىم ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە سۆرەپ ئاپىرىپ بوزەك قىلدى...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايىمخاننى سوغۇق تەر باستى، پۇت –

قوللىرىغا تىترەك ئولىشىپ، بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن رەشىدە قورقىنىدىن مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نازۇك جىسمى خۇددى كەچ كۈزدىكى ياپراقتەك تىترىمەكتە ئىدى.

ئايىمخان ئەھۋالنى ئېرى مەمەت ئاخۇنغا ئېيتىۋېدى، مەمەت ئاخۇننىڭ قوشۇمىسى غەزەپتىن تۈرۈلدى. سەبىي قىزىنىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاخىر ئەھۋالنى كەنت باشلىقلىرىغا ئىنكاس قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كەنت باشلىقلىرى ئىمىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىمىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى: «ئوغلىمىز ئىمىن رەشىدەگە چېقىلسۇن ياكى چېقىلمىسۇن، رەشىدە بويىغا يەتكەندە ئىككىسىنىڭ توينى قىلىپ قويايلى» دېيىشتى. ئەمما مەمەت ئاخۇن « قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئالدى بىلەن ئەھۋالنى قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلايلى» دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن دېلو ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىندى.

2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى رازۋېدكىچىلار نەق مەيدانىنى تەكشۈردى، لېكىن ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات چىقىرالمىدى. چۈنكى ئالدىنقى كۈنى ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇر نەق مەيدانىنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى. رازۋېدكىچىلار رەشىدەنى دوختۇرغا تەكشۈرتتى. ئەپسۇس، دوختۇر «رەشىدەنىڭ قىزلىق پەردىسى بۇزۇلمىغان، بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى نورمال كېسەل» دېگەن يەكۈنى چىقاردى. ئىمىنمۇ رەشىدەگە باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلمىدى.

يــۈقىرىقى ئـــەھۋاللارغا ئاساســـەن ج خ ئىدارىســـى دىلـــو تۇرغۇزماسلىقنى قارار قىلدى.

## 2

ئارىــدىن خېلــى كۈنلــەر ئۆتكــەن بولســىمۇ، رەشــىدەنىڭ سـالامەتلىكىدە ياخشــىلىنىش بولمــىدى، چىرايــى ســارغىيىپ، روھــي ۋە جىســـماني جەھــەتتىن زەئىپلىشىشــكە باشــلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئادەت تېخىچە توختىمىغانىدى. قىزىنىڭ بۇ ھالىتــىدىن كـۆڭلى يېــرىم بولغــان ئاتــا ـ ئانىنىــڭ يۈرىكــى مۇجۇلــدى. ئـۇلار رەشــىدەنى 2003 ـ يىلـى 5 ـ ئاينىــڭ 7 ـ كۈنــى ناھىيىلىــك خــەلق دوختۇرخانىســىغا ئېلىپ كەلــدى. دوختۇرلار رەشىدەنى تەكشۈرۈپ «قىزلىق پەردىسى بۇزۇلغان» دەپ يــەكۈن چىقــاردى. بــۇنى كۆرگــەن مەمــەت ئاخــۇن بىلــەن ئايىمخــان قىزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقـۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن قايتىدىن دەۋا قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە ئەرز سۇندى، كۆپ رىيازەت چەكتى. بىر قىسىم ئورۇنلاردا ھېسداشلىقنا ئېرىشسە، بىر قىسىم ئورۇنلاردا دەشنام يېدى، ھاقارەتكە ئۇچرىدى. لېكىن، قاتمۇ قات قىيىنچىلىق، روھي ۋە جىسماني جەھەتتىكى ھارغىنلىق ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلمىدى.

ئـۇلار دەۋالىشــىش يولــدا نۇرغــۇن جاپــا ـ مۇشــەققەتلەرنى تارتقــان بولســىمۇ، ھېچقانــداق نەتىجىگــە ئېرىشــەلمىدى. كېيىن ئۇلار باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن «ج خ ئىدارىسى دېلو تۇرغۇزۇشــقا تېگىشــلىك بولســىمۇ دېلــو تۇرغــۇزۇپ

تەھقىقلىمىدى» دېگەن مەزمۇندا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى.

## 3

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تەپتىش مەھكىمىسى رەھبەرلىكى بۇ ئىشقا ئىنتايىن جىددىي قارىدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە ئىقتىدارلىق تەپتىش خادىملىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. تەپتىش خادىملىرى دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپ بىلەن قايتا ـ قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئىمىندىن ئەھۋال ئىگىلىدى. لېكىن، ئىمىن: «2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەھەللىگە سۇ كەلگەن، مەن ئۇ كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاغىنەم ئالىم بىلەن ئېتىزلىقتا بۇغداي سۇغاردىم» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدىن گەپ سوراشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەپتىش خادىملىرى ئالىم بىلەن سۆھبەتلىشىش قارارىغا كەلدى. لېكىن، ئالىمنىڭ جاۋابىمۇ ئىمىننىڭ گېپى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنى راست بولسا، ئىمىننىڭ جىنايەت سادىر قىلىش ۋاقتى يوق بولۇپ چىقاتتى. دەل شۇ چاغدا زېرەك تەپتىش خادىملىرى ئالىمدىن:

ـ سىلەر ئېتىزلىقتا نېمە يېدىڭلار ؟ ـ دەپ سورىدى.

ئالىم:

ـ چۈشتە ئىككىمىز ئۆيىمىزگە بېرىپ يېرىم سائەت

ئەتراپىدا ئاماق يەپ كەلدۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان تەپتىش خادىملىرى «ئىمىنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە بوغداي سوغاردۇق، دېگىنى يالغان، يېرىم سائەت ئۇنىڭ دېلو سادىر قىلىشقا ئامامەن يېتىدۇ. بۇ دېلونى چوقۇم ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئەتجىسىنى چىقىرىش كېرەك» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

تەپتىش خادىملىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپ تەمىنلىگەن دوختۇر ئىسپاتىغا ئاساسەن رەشىدەنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرتۈش قارارىغا كەلدى. 2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى رەشىدەنى قايتا تەكشۈرۈپ يەنە « قىزلىق پەردىسى بۇزۇلغان» دەپ يەكۈن چىقاردى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا دېلو تۇرغۇزماسلىق سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتتى. ج خ ئىدارىسى « جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 86 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دېگەن مەزمۇندا چۈشەندۈرۈشنامە ئەۋەتتى. مۇشۇ مەزگىللەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپنىڭ ئەرز ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋالغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىمۇ تېلېفون ئارقىلىق دېلونىڭ تەرەققىيات جەريانىنى قايتا ـ قايتا سۈرۈشتۈردى.

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى «ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قاراپ دېلو تۇرغۇزماسلىقى پۈت تىرەپ

تۇرالمايدۇ. رەشىدە بۇ يىل 12 ياش، ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە ئېنىق ئىسپاتلانغان، مانا بۇ باسقۇنچىلىق جىنايىتى يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 86 ـ ماددىسىدا: جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك جىنايەت پاكىتى بار، دەپ ھېسابلىسا دېلو تۇرغۇزۇش لازىم، جىنايەت پاكىتى يوق ياكى جىنايەت پاكىتى كۆرۈنەرلىك يېنىك، جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ ھېسابلىسا، دېلو تۇرغۇزماسلىق لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر دېلونىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ ھېسابلاش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ» دەپ قاراپ، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 87 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ج خ ئىدارىسىغا دېلو تۇرغۇزۇش ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتتى.

## 4

ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دېلو تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. رازۋېدكىچىلار ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق 2003 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالىمنىڭ پۈتۈن بىر كۈن ئانىسى بىلەن بىللە باغ سۇغارغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم ئىسپاتقا ئېرىشتى. ئالىم تەكشۈرۈش داۋامىدا مۇنۇلارنى

ئوتتۇرىغا قويدى: 2003 – يىلى 4 – ئاينىڭ 16 – كۈنى مەن ئانام بىلەن بىر كۈن باغ سۇغارغانىدىم، ئىككى كۈندىن كېيىن ئىمىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: «ئاداش، رەشىدە ماخا قارا چاپلىغان ئىكەن، ساقچىلار تەكشۈرۈشكە چىقىپتۇ، ئەگەر بىرەرسى سىلىدىن گەپ سوراپ قالسا 4 – ئاينىڭ 16 – كۈنى مەن ئىمىن بىلەن بىللە ئېتىزلىقتا بۇغداي سۇغارغانىدىم دەڭلا» دەپ ماڭا يالۋۇردى. قانۇندىن تازا خەۋىرىم بولمىغاچقا، شۇنداق دەپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىپتىمەن.

دېلونىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئاشكارىلاندى، رازۋېدكىچىلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىمىنگە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىدى. ئىمىن ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئاخىر كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان پۇشايمان ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە جىنايى قىلمىشىنى تولۇق تاپشۇردى.

## 5

يېقىندا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەزكۇر دېلوغا يېپىق سوتتا قاراپ چىقىپ، جاۋابكار ئىمىننىڭ جىنايىتىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى، جىنايەت ئۆتكۈزگەن چاغدا 15 ياشقا كىرىپ بەش ئاي ئاشقان، كەڭچىلىك بىلەن جازالاشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭ باسقۇنچىلىق جىنايىتىگە مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

# ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى

ئاپتورى: تۇردى ئەھمەد

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازاتلىق يولى №348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
850×1168 مىللىمېتىر، 32 فورمات
6.625 باسما تاۋاق، قىستۇرما بېتى: 4
2005 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3050

---

ISBN 7—228—09383—6
باھاسى: 12.00 يۈەن



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

# ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى

ISBN 7-228-09383-6

（民文）定价：12.00 元

ISBN 7-228-09383-6

9 787228 093830 >